ئابلىز ئۆمەر ( ئەنجانى )

# بىرتال ئەتىرگۈل

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : **ئىلشات تۇرسۇن**

خەتتات: **قۇربانجان روزى شەيدائى**

ISBN 978-7-5373-1746-7

9 787537 317467 >

ISBN978-7-5373-1746-7

（民文）定价：10.00 元

ئابلىز ئۆمەر ( ئەنجانى)




قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

一朵玫瑰：维吾尔文/阿布利孜·吾买尔著.—喀什：喀什维吾尔文出版社，2009.2
ISBN 978—7—5373—1746—7

Ⅰ.一… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 016440 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

**一朵玫瑰**

阿布利孜·吾买尔(安加尼) 著

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 开本 4.5 印张 2 插页
2009 年 2 月第 1 版 2009 年 2 月第 1 次印刷
印数：1 — 3000 定价：10.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话:0998 — 2653927

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۇل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار ئابلىمىت

# بىر تال ئەتىرگۈل

ئاپتورى: ئابلىز ئۆمەر (ئەنجانى)

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 4.5 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 1

---

ISBN 978—7—5373—1746—7
باھاسى: 10.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998

# نەشرىياتتىن

شائىر ۋە ژۇرنالىست ئابلىز ئۆمەر (ئەنجانى) 1943- يىلى 11- ئايدا قەشقەر شەھىرىنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ 1950 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، كېيىنچە شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان ۋە بىلىم ئاشۇرغان. ئابلىز ئۆمەر 1959 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىر، مۇخبىر، تەھرىر بۆلۈمى مۇدىرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر؛ 1991 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نەشرىيات باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر پېنسىيىدە.

ئابلىز ئۆمەر 1958 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «لەگلەك» ناملىق شېئىرى ۋە سابىق «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «سوۋغا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىر - داستانلىرى، ھېكايە - ئوچېركلىرى، ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان؛ بىر قىسىم ئەسەرلىرى «باھار چېچەكلىرى»، «قەشقەر ناخشىلىرى»، «تەنتەنە»، «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «يېڭى رۇبائىيلار»، «قۇياش قەسىدىسى»، «ياپراقتىكى نەقىشلەر»، «توي چاچقۇسى» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئابلىز ئۆمەرنىڭ «ئۆمۈر ئىزلىرى»، «ھايات ھېسلىرى» قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى، «ۋاپادارلىق كۈيى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ۋە باشقا

تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان، شۇنداقلا ئابلىز ئۆمەرنىڭ تەرجىمىھالى «جۇڭگودىكى مەشھۇر تەھرىر - مۇخبىرلار قامۇسى»، «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان مەشھۇر سەنئەتكارلار لۇغىتى» قاتارلىقلارغا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئىش ئىزلىرى گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەردە تونۇشتۇرۇلغان.

ئابلىز ئۆمەر 1987 - يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك، 1999- يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىگە، جۇڭگو نەشرىياتچىلار جەمئىيىتى مىللىي نەشرىياتچىلىق كومىتېتىغا، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان؛ قەشقەر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ۋە قەشقەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئاپتورنىڭ بۇ كىتابىغا ئۇنىڭ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا يازغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

# مۇندەرىجە

## ئۆمۈر نەلقىلىرى


«ئاسمان شاھى» غا تەبرىكنامە ............ 3
كېچىنىڭ ھېكمىتى ............ 5
قىز تۇغۇلسا ............ 6
باھار تۇيغۇسى ............ 8
كىچىك دارۋاز ئادىلجان ............ 10
كۆڭۈل ئىزھارى ............ 12
ئارزۇغا يېتەلەيمەن ............ 15
راست ۋە يالغان ............ 16
ئۇستازىمغا خەت ............ 18
ئوتۇك ئۆچمىسۇن ............ 21
«ھاي - ھاي تېرەك» رىۋايىتى ............ 22
يۈرىكىڭنى ئالماشتۇر ............ 24
يېڭى يىل كۈنى ............ 26
تارتىنىش ............ 28
ھەممىدىن تاتلىقكەن پىچىرلىغان گەپ ............ 29
سەن كىمسەن ؟ ............ 30
ئىككى ئالىم ئۇچراشتى جەننەت ئىچىدە ( باللادا ) ............ 31
«كونا رەڭ» ............ 34
ئۆزۈك نەپەسلەر ( چاتما ) ............ 35

مەن شەرققە قارايمەن ........................ 35
نەۋائى ھەيكىلى ئالدىدا ........................ 36
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى ........................ 37
«پادىشاھ ئاتا» دەرياسى بويىدا ........................ 38
ئۇنىڭ يارى قەلبىدە ........................ 40
مەن يارىمنى نىمە دەي ........................ 41
قار ياغقاندا ........................ 43
سىنىڭدىن ئايرىلسام شۇنداق ياشايمەن ........................ 45
ھۆرمەت چاچقۇلىرى ........................ 49
تەبرىكنامە ........................ 49
تۇتتۇم گۇلدەستە ........................ 51
ئۇ — بۇگۇنكى تىپىچان ........................ 52
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يىشىڭىز ........................ 53
ئۇ كەتتى ........................ 56
ئىككى پارچە خەت ........................ 57
بىرتال ئەتىرگۇل ........................ 62
ئاۋازىڭىز ياڭراپ تۇرىدۇ ........................ 63
چىلللىساك (مۇخەممەس) ........................ 65
ئۆگەي ئانام — ئۆز ئانام ........................ 67
ئانام ئىزىدىن ........................ 69
دىھقان ئەسلەيدۇ ........................ 71
كۇنلۇك ئاستىدا ........................ 72
يىزىلمىغان مەرسىيە ........................ 74
بىر پارىخورغا تىز سىزما ........................ 76
سۆيگۇنىڭ سىرى ........................ 77
يار مىھرى ........................ 78
گۇلدەستىگە گۇلدەستە ........................ 79
ئولىمپىك مەشئىلى ياندى قەشقەردە ........................ 81
سىنى نەدىن ئىزدەيمەن، سىنى كىمدىن سورايمەن؟ ........................ 83

تاغ ئادىمى ........................ 85
گۈل قەسىدىسى ........................ 87
دوختۇر قىزغا ........................ 90
ئانا قەلبى (چۆچەك) ........................ 92
بىر تەمسىلنىڭ بايانى (چۆچەك) ........................ 98


## كۈي چەشمىلىرى


يەڭدۇق ئېغىر ئاپەتنى ........................ 103
باھار كۈيى ........................ 109
باھار كەلسە ........................ 111
مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ ........................ 112
نېرى كەت ........................ 114
يار - يار ........................ 116
مۇھەببەتمۇ كۆكلەيدۇ ........................ 117
باھار كەلدى كۆردۇڭمۇ ........................ 118
باھار شادلىقى ........................ 119
دېھقان قىزى ئاينۇرخان ........................ 122
كۈتۈش ........................ 125
رۇبائىيلار ........................ 127

# ئۆمۈر تىلەكلىرى

# «ئاسمان شاھى» غا تەبرىكنامە

غەلىبە خەۋرىڭنى ئاڭلاپ ئادىلجان،
يۈرىكىم قېپىغا پاتمىدى پەقەت.
خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى تاراملاپ،
ئىلھامىم جۇشقۇنلاپ ئۆرلىدى قەۋەت.

بۇلۇتقا تاقاشقان پولات تانىدىن
تەڭشەكنى قانات قىپ ئۆتتۇڭسەن ئۇچۇپ.
خەۋپ-خەتەر كۆزۈڭگە كۆرۈنمىدى ھېچ،
يەتتىڭسەن ئارزۇغا شان - زەپەر قۇچۇپ.

جاھاننى قالدۇردۇڭ ھەيرانۇھەستە،
چاقماقتەك تېزلىكتە نامىڭ تارالدى.
«كۆك ئاسمان شاھى» دەپ ئاتالغان كۆكلۈن
ئاغزىنى ھاڭ ئېچىپ قاراپلا قالدى.

كۆتۈردۈڭ پەلەككە غۇرۇرىمىزنى،
ئەجدادلار روھىغا بىرىپ تەسەللى.
«پەگاھقا بەخشەندە»، «نادان» دېگەن گەپ
قوغلاندى گۆرىگە يەنە بىر يولى.

تارىختۇر گۇۋاھچىڭ: بوۋاڭدىن ئۇدۇم
باتۇرلۇق، قەيسەرلىك، غەيرەت - جاسارەت.
جىسمىڭدا بىخلىنىپ ۋايىغا يەتكەن
بىر سېھرىي كارامەت، ئەقىل - پاراسەت.

روھ بەردى، كۆچ بەردى ئانا يۇرتۇڭنىڭ —
ئالتۇندەك توپىسى، ھاۋاسى، سۈيى.
مۇقامغا بەس قەدەم ماڭدىڭ ئاجايىپ،
قەلبىڭدە خەلقىڭنىڭ ئۈمىدى، كۈيى.

سىنىڭدەك روھ بولسا ئەۋلاد جىسمىدا،
تىك داۋان، چوققىلار قالىدۇ پەستە.
ئادىلجان ئۆرلىگىن يۈكسەك پەللىگە،
ۋەتەننىڭ ئالقىشى ساڭا گۈلدەستە.

2004 - يىل 1 - ئاي، ئۈرۈمچى



# كېچىنىڭ ھېكمىتى

ئۈرۈشتى، تىللاشتى ئىناق ئەر-خوتۇن،
قالمىدى دېمىگەن ھەممە يامان گەپ.
ئاخىرى خوتۇنى كۆتۈردى بوغچا،
«ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتەي ئەمدى» دەپ.

ئاڭغىچە كەچ كىردى، ئايال ئويلىدى:
«بوپتۇلا بىر قوناي، ئەتە تاڭ ئاتسۇن».
يىگىتمۇ ئويلىدى: «ئارىلىق يىراق،
خەتەرگە يولۇقماي، تىنچ - ئامان بارسۇن».

ئاشۇنداق خىيالدا يېتىشتى ئۇلار،
(بىر ياستۇق ئۈستىگە تەگدى ئىككى باش).
ئەتىسى يىگىتنىڭ يۈزىدە كۈلكە،
ئايالمۇ بەك خۇشال توي كۈنى ئوخشاش.

قوشنىلار، تۇغقانلار ھەيران قىلىشتى،
داۋاسى ئاسانلا تېپىلغان دەردكە.
ھەممەيلەن دىلىدا قايىل بولۇشتى،
كېچىگە جەملەنگەن سېھىر - ھېكمەتكە.

2004 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر



# قىز تۇغۇلسا...

يېڭىپ مىڭ بىر خەتەرنى،
قىز يەڭگىدى بەك تەستە.
چولپان تۇغدى، ئاي تۇغدى،
ھەممە كۆردى بەس-بەستە.

چىن دىلىدىن سۆيۈندى
چوڭ ئانىسى — مومىسى؛
خۇشاللاندى، شادلاندى
كېلىن قىزنىڭ دادىسى.

ئەمما، يىگىت باشقىچە،
رەڭگىدە قان قالمىدى.
ئۆز پۇشتىنى — بوۋاقنى
قولىغا بىر ئالمىدى.

چۈنكى، تۇنجى بالىسى
قىز بوپ قالسا باقمايمىش.
ھەيران قالدى خالايىق:
«بۇ نېمە ئىش، نە قىلمىش؟!»

سۇ ئاقامدۇ دەريادا
باش مەنبەسى بولمىسا.
يىگىت نەدىن يارالغان
گەر ئانىسى بولمىسا! ؟...

2004 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



# باھار تۇيغۇسى

نۇرجان بوۋاي قېپقالغان يالغۇز،
ھەمراھىنى ئېپكەتكەن ئەجەل.
زېمىن تەۋرەپ، كەلگۈلۈك كېلىپ،
بۇ ئائىلە تۆلىگەن بەدەل.

نۇرجانغىمۇ كېسەل چاپلاشتى،
ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنى نىكەم.
ئۆيىنىڭ ئىشى، ئېتىزنىڭ ئىشى —
قالدى چەتتە، كۆڭۈلدە لىق غەم.

شۇ كۈنلەردە پەرىشتە سۈپەت
پىدائىيلار ئاتلاندى سەپكە.
ئايخان ئاتلىق بىر ئايال مۇدىر
تاماق ئەتتى ھەر كۈنى كەچتە.

تۆتى ئوغۇت توشۇپ ھارمىدى،
بەشى يەرنى يۇمشاتتى تولۇق.
بىرسى سۇنى تۇتتى ئاۋايلاپ،
يەنە بىرسى ھەل قىلدى ئۇرۇق…

تەبىئەتكە باھار كەلمەستە
نۇرجان قەلبى باھارنى سەزدى.
بوۋاي ئاستا جۇپ ھاسا بىلەن
نورۇز ئورنى — مەيداننى كەزدى.

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قەشقەر



# كىچىك دارۋاز ئادىلجان

غەيرىتىڭگە ئاپىرىن
كىچىك دارۋاز ئادىلجان.
ساڭا ئالقىش ياڭراتتى
بارچە ئىقلىم، بارچە جان.

ئىنچىكە سىم ئۈستىدە
كۆزۈڭنى تېڭىپ ماڭدىڭ.
ئالتە كىلو تەڭشەكنى
قولۇڭدا ئېلىپ ماڭدىڭ.

كۆرۈلمىدى سېنىڭدە
قورقۇمسىراش، ئەنسىرەش.
شۇنچە مەزمۇت ھەرىكىتىڭ،
قىلچىلىك يوق تەمتىرەش.

سېنىڭ ئاشۇ بويۇڭدىن
ئىرادەڭ چوڭ سېنىڭكى.
ساڭا ھەممە مەدەتكار،
ئىقبالىڭ ئوڭ سېنىڭكى.

سىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ
دۇنيا جىننس قامۇسى.
ئەمەلگە ئاشقاي ئارزۇيۇڭ،
سەن چىن ئۇيغۇر بالىسى!

2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، قەشقەر



# كۆڭۈل ئىزھارى

(مەرھۇم شائىر ئېزىز سېيىتنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىغا تەقلىد)

تەلەي دېگەن بار ئوخشايدۇ، ھەيرانمەن،
تەقدىر مېنى ئۇچراشتۇردى دەل ساڭا.
ھاياتىمىز ئۆتتى خويمۇ مەنىلىك،
بارلىقىڭنى بېغىشلىدىڭ سەن ماڭا.

گۈزەل دېسە سېنى دېسە بولىدۇ،
ئاتا قىلغان بار ئۇزلۇقنى تەبىئەت.
ناز-كەرەشمە، لاتاپەتتە يەكدانە،
سىڭگەن ساڭا ياخشى خىسلەت، پەزىلەت.

بىلىم دېسە ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ،
دېكتور، مۇخبىر ھەم تالانتلىق ئادۋوكات.
ئىدارىدا قابىل رەھبەر — يېتەكچى،
قىلالماسلىق، بىلەلمەسلىك ساڭا يات.

يۇرەكلەرگە شىپا - مەلھەم بولىدۇ،
سېنىڭ ئېيتقان ھېكمەت كەبى سۆزلىرىڭ.
مۇھەببەتكە، چىن سۆيگۈگە تولىدۇ،
ھەربىر باقسا ئاشۇ شەھلا كۆزلىرىڭ.

مېنىڭ بىلەن بىللە بولدۇڭ تۆت مۇچەل،
چاچلىرىڭنى قىلدىڭ دائىم سۇپۇرگە.
شۇڭا بىزگە قىلچە غۇبار قونمىدى،
بەلكى ئەجرىڭ بەرىكەت بەردى ئۆمۈرگە.

دەرد - ئەلەمنى بىللە تارتتىڭ مەن بىلەن،
تۆھمەتخورلار تۆھمەت تېشى ئاتقاندا.
چۈشتۈڭ يەنە شادىيانە ئۇسسۇلغا،
باھار قايتا رۇخسارىنى ئاچقاندا.

پەرۋىشىڭدىن گۆھەر چىقتى، ئاي چىقتى،
دوختۇر چىقتى، مۇخبىر چىقتى، باي چىقتى.
تەربىيەڭدە بولدى ئۇلار يارامل‍ىق،
ئىلگىرىلەشكە ياخشى ئىمكان، جاي چىقتى.

ئۆي ئىچىنى پاكىزلەيسەن چىنىدەك،
بولماس ھەرگىز بىر دەقىقە ئارامل‍ىق.
قولى ئاتلىق، ئۇستا، ماھىر ئاشپەزسەن،
سەن بولغاچقا ھەمراھ ماڭا ساغلاملىق.

ئايال زاتى سەندەك بەلەن بولامدۇ؟!
(بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان ئىنئامى).
تۈگىمەيدۇ قولۇم - قوشنا، ئاۋامنىڭ
ساڭا بولغان ئىززەت - ئىكرام، سالامى.

ساڭا شۇنداق تۈيۈلىدۇ ئاجايىپ،
مۇشۇ ئۆينىڭ جاپاسىمۇ بىر راھەت.
ئەمدى بىلدىم سەۋەبىنى - سىرىنى،
يىلتىز تارتقاچ دىلدا ئىزگۈ مۇھەببەت!

شۇ مۇھەببەت لەززىتىدىن ۋۇجۇدۇم
يايراپ كەلدى خۇددى باھار گۈلىدەك.
شۇڭا ئەمدى ئاقارسىمۇ چاچلىرىڭ،
كۆرۈنىسەن يەنىلا قىز بالىدەك.

ئەجەل يېتىپ بالدۇر كەتسەك قايسىمىز،
قەبرىمىزدە گۈل تۇرىدۇ دائىما.
يېنىمىزدا مەڭگۇ ھەمراھ بولىدۇ،
روھ بېغىشلاپ، شولا چېچىپ بىر سىيما.

شۇڭا قىلچە مەنسىتمەيمەن ئۆلۈمنى،
بىزنى ھېچكىم ئاجرىتالماس، يىرالماس.
گۆش - قېنىمىز ساداقەتتىن يارالغان،
بەخت شۇدۇر بىزدەك ئۆتسە قەدىناس.

ۋەسىيەتنى قىلىپ قويدۇق بۇرۇنلا،
جان ئۈزگەندە قويۇڭلار بىر لەھەتكە.
ياتايلى بىز ھاياتتەكلا قارىشىپ،
پاك سۆيگۈنى چېچەكلىتىپ ئەبەدكە!

2004 - يىل 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، قەشقەر



# ئارزۇغا يېتەلەيمەن

ئانامۇ ئۆلۈپ كەتتى،
دادامۇ ئۆلۈپ كەتتى.
يۈرىكىمگە دەرد-ئەلەم
قاتمۇ-قات تولۇپ كەتتى.

ئەگەردە دادام بولسا،
يۆلەنچۈكۈم تاغ ئىدى.
ئەگەردە ئانام بولسا،
تۇرار جايىم باغ ئىدى.

بەختىم يەنە ئوڭ ئىكەن،
ياخشىلىققا ئېرىشتىم.
سېخىي قوللار سۇنۇلدى،
مەن ئوقۇشقا كىرىشتىم.

ياخشى ئوقۇپ مەكتەپتە،
ئىلىم - پەن ئىگىلەيمەن.
ئەجداد روھى يار ماڭا،
ئارزۇغا يېتەلەيمەن.

2005 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



# راست ۋە يالغان

(يازغۇچى ئوبۇلهاشىم قاسىمنىڭ «ئەزرائىل، بىر كۈن توختاپتۇر» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن)

بۇ ھايات
بۇ دۇنيا
تولغان بىھېساپ رەڭ — بوياقلارغا.
ھەركۈنى
ھەرسائەت
خىلمۇخىل خەۋەرلەر
تىلسىمات ئۇچۇرلار
ئاڭلىنىدۇ قۇلاقلارغا.

بىرسى دەيدۇ:
— مەن كىلون ئادەم،
— مەن كىلون موزاي...
يەنە بىرى ئىشەندۇرمەك بولىدۇ،
ئۇستاتلىق قىلىپ،
يوقنى بارغا ئوخشىتىپ؛
شۇڭلاشقا ھەيران قالىسەن،
ئاڭقىرالمايسەن،
جىك يا جا دېيەلمەيسەن،
كۆڭۈل توختىتىپ.

دېمىسىمۇ،
مەككارلار مىسنى ئالتۇن، دەپ،
ئۇچقۇننى يالقۇن، دەپ،
توقۇيدىكەن يالغاننى،
بىلىق كۆزىنى مارجان كۆرسىتىپ.
تۇگىمەيدىكەن،
ئۇزۇلمەيدىكەن،
چۈنكى، بۇنداق قىلمىشنى
چوڭى كىچىكىگە داۋام ئۆگىتىپ.

ئەمدى بىلسەم،
دۇنيا ئاجايىپ ئىكەن،
غارايىپ ئىكەن،
سېھرىي ئەسناغا،
ھېكمەتكە تولغان.
ئۆزۈمگە كەلسەم،
مېنىڭ تۇغۇلغىنىم راست،
ئۆلۈشۈممۇ راست،
قالغىنىدا بار يالغان.
...

قاچانمۇ يېتەرمىز پاكلىققا،
قاچانمۇ يېتەرمىز راستلىققا،
مەنزىل يىراق،
بەك يىراق.
بۇ بىر ئارزۇ
بۇ بىر ئۈمىد
لېكىن، چۈش ئەمەس بىراق!

قەشقەر، ئاي 4 ـ يىل ـ 2005

# ئۇستازىمغا خەت

ئۇستاز مۇئەللىم،
شائىر مۇئەللىم،
بۇ يىل مانا دەل كىردىڭىز يەتمىشكە.
گۇۋاھچىسى سىز،
شاھىتى سىز،
يەتمىش ئىشقا،
يەتمىش يىللىق كەچمىشكە.

ئەپسۇس،
مىڭ ئەپسۇس،
تۇھپىڭىز تاغدەك تۇرۇپ،
كۆڭلىڭىز ئاپئاق تۇرۇپ،
ئۇچراپ قاپسىز رەزىل تۇھمەتكە.
كارايىتى يوق،
كىم ئۇچرىمىغان،
كىم يولۇقمىغان
بۇنداق تەقدىر - قىسمەتكە.

كىرىشتى چىشلىرىم،
تىكلەشتى قۇيقا چاچلىرىم،
غەزىپىم تاشتى،
كۆكتىن — پەلەكتىن.

لېكىن، ئۆزۈمنى تۇتۇپ،
سىلكىپ بېشىمنى،
ئەسلىمگە كەلدىم
يەنە بۆلەكچە.

ئالتۇن توپا باسسىمۇ،
كىر-قات قونسىمۇ
يەنىلا پارقىراپ تۇرىدۇ
ئەخلەت ئىچىدە.
هايات تاۋلىنىدۇ
مۇشكۇلات ئىچىدە،
تۆهمەت ئىچىدە.

هېچكىم قۇرۇق تېرەككە ئاتمايدۇ چالما،
ئاتىدۇ چالمىنى
مېۋىلىك دەرەخكە.
بىلسەم، بۇ ئىش
هەسەتخورلۇقتىن،
كۆرەلمەسلىكتىن بولغان،
ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى
كىيدۈرگەندەك سەمەتكە.

كىم بىلمەيدۇ سىزنى،
مۇئەللىم بولۇپ،
كوئېنلۇن باغرىدا،
مەهمۇد دىيارىدا،
ئىلى باغلىرىدا
قالدى يارقىن ئىزىڭىز.
شېئىرىڭىزدىن زەمزەم ئىچىپ،
مەستخۇش بولۇپ،

ئاقارتتى دىلىنى
مىڭلىغان ئوغۇل - قىزىڭىز.

شۇنىسى بەرھەق،
ئىشەنچىم كامىل:
تۆھمەتخورلار،
پىتنىخورلار
ئۆزى ئاتقان تېشىنى يەيدۇ.
ئۆزى كولىغان
ئۆزى قازغان
ئورىغا چۈشۈپ بېشىنى يەيدۇ.
...

خەت يازسام، تەسەللى دېمەڭ،
(تەسەللىگە موھتاج ئەمەس سىز).
چۈنكى، ئۆزىڭىز يېتۈك بىر ئالىم،
ئەلگە مەشھۇر شائىر ئىرۇرسىز.
شائىرلىقمۇ كېلەر سىناققا،
(گوياكى ھاياتقا ئوخشاش).
پاك، سەمىمىي دىلىڭىز بىلەن،
خەنجەر كەبى شېئىرىڭىز بىلەن
سىناقلارغا جاۋاب بېرەرسىز.

2005 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى



# ئوتۇڭ ئۆچمىسۇن

دېدىڭ جانان: «يۈرىكىمدە ئوتۇم بار،
لېكىن، ئوتنى كۆمۈپ قويدۇم قوقاستا».
هازىرغىچە بىر هارارەت سەزمىدىم،
تومۇرۇڭنىڭ سوقۇشىمۇ بەك ئاستا.

قاچانغىچە شۇنداق نىمجان ئۆتىسەن،
يا ئۆزۈڭنى، يا بىراۋنى ئىسسىتماي.
قايسى نامەرد يۈرىكىڭگە سۇ سەپتى،
ئېيتقىن قېنى، دۇدۇقلىماي، قىينالماي!؟

هايات دېگەن يەنە بىر رەت كېلەمدۇ؟
كېلەر قېتىم يالقۇن ئىچرە كۆيگىلى.
ئوتنى كۆممە، شۇلا چېچىپ ئۇلغايسۇن
ساپ مۇھەببەت شامىلىدا بىر يولى.

2005 - يىل 8 - ئاي، قەشقەر

# «ھاي-ھاي تېرەك» رىۋايىتى

ھەزرىتى مەۋلانە مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى ئاستىدا 1000 نەچچە يىللىق ئاجايىپ يوغان «ھاي - ھاي تېرەك» دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار. بۇ تېرەك ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي باغدادتىن قايتىشىدا ئىشلىتىپ كەلگەن ھاسىدىن كۆكلەپ چىققان، دېگەن رىۋايەت بار.

«ھاي-ھاي تېرەك» ، ھاي تېرەك،
قانداق بىنا بولغانسەن؟
ئاڭلاپ كەلسەك گەپ تولا،
سىر-ئەسناغا تولغانسەن.

بوي-بەستىڭگە كۆز يەتمەس،
پاتماس نەچچە قۇچاققا.
نوتا سۇرۇپ شاخلىشىڭ
ئوخشار گويا بىر باغقا.

نۇرغۇن دەرەخ قۇرۇدى،
سەنلا ئۆستۈڭ قۇرۇماي.
بوران سوقسا تىنك تۇردۇڭ،
باغجانلىدىڭ توختىماي.

بەخت تىلەپ، قۇت تىلەپ،
ئاستى ساڭا تۇمارلار① ؛
شىپا تىلەپ، قۇت تىلەپ،
نىمجان تەنلەر، بىمارلار.

ئېيتقىن قېنى، راست گەپنى،
سەن ھاسىدىن ئۆسكەنمۇ؟
شۇ خاسىيەت ۋەجىدىن
ئەسىرلەردىن ئۆتكەنمۇ؟

ھاسا دېگەن قۇرۇق شاخ،
قانچە قىلسا كۆكلىمەس.
ئالىم بوۋام مېھرىدىن
كۆكلىگىنىڭ سىر ئەمەس.

2005 ـ يىل 10 ـ ئاي، كونىشەھەر — ئوپال

① تۇمارلار — ئاۋام خەلقىنىڭ «ھاي ـ ھاي تېرەك» شاخلىرىغا ئۆزلىرىگە ئامەت، بەخت تىلەپ ئېسىپ قويغان رەخت پارچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.



# يۈرىكىڭنى ئالماشتۇر

دوختۇر دېدى: «يۈرىكىڭنى ئالماشتۇر،
گەر بولمىسا يوقتۇر ساڭا ھاياتلىق».
دوختۇر سۆزى جۇغۇلداتتى تېنىمنى،
(كېيىقالغاندەك شۇ ئەسنادا ماماتلىق).

دوختۇر دېدى: «يۈرەك بولۇر قىپقىزىل،
لېكىن، سېنىڭ كۆمۈر كەبى قاپقارا.
ئىچ-ئىچىدىن زەھەر تېمىپ تۇرۇپتۇ،
باشلىنىپتۇ شىپاسى يوق بىر يارا».

دوختۇر سۆزى تارىخىمنى ئەسلەتتى،
ياخشىلىققا يامانلىقنى بەرگىنىمنى.
نىزا سېلىپ قېرىنداشلار ئىچىگە،
ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقىنى تەرگىنىمنى.

مەلئۇنلارغا ھەمدەم بولۇپ، باش بولۇپ،
ياخشىلارنى چايان كەبى چاققىنىمنى.
ۋىجدانىمنى ئېلىپ قويۇپ تەكچىگە،
بەتنىيەتكە كۆچۈكلىنىپ باققىنىمنى.

دوختۇر دېدى: «يۈرىكىڭنى ئالماشتۇر،
كار قىلمايدۇ كۆۋرۈك بىلەن دېيەكمۇ.
لېكىن، نەدە ساڭا لايىق يۈرەك بار؟!
ئادەم تۇگۇل، قارغاۋاتسا كېسەكمۇ».

2005 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر



# يېڭى يىل كۈنى

يېڭى يىلدا تۇغۇلدى بوۋاق،
خۇشاللىققا خۇشاللىق قوشۇپ.
تەبرىكلەشكە كەلدى تۇغقانلار،
ئۆي ئىچىمۇ كەتتى لىق توشۇپ.

ئىسىم تاللاش باشلاندى دەرھال،
ھەركىم ئۆزىچە خىيالغا پاتتى.
ياخشى ئىسىم تېپىش يولىدا
كېڭەش ئەھلى سۆزگە سۆز قاتتى.

بىرسى دېدى: «ئەزىز» قويايلى،
ئەزىز يۇرتىنىڭ ھەقداسى بولسۇن.
بىرسى دېدى: «ئېھسان» قويايلى،
مېھىر-شەپقەت ھەمراسى بولسۇن.

بىرسى دېدى: «بەختىيار» بولسۇن،
بەخت - ئامەت قوتلىسۇن ئۇنى.
يامان كۆزدىن ساقلىسۇن تەڭرى،
ياخشى كۈنلەر يوقلىسۇن ئۇنى.

بىرسى دېدى: «ئىلىيار» قويايلى،
ئانا ئەلگە بولسۇن ئۇ قالقان.
ئاۋام بىلەن بولۇپ ھەمنەپەس،
يۈرىكىدە يانسۇن ئوت-ۋولقان.

بىرسى دېدى: «زەپەر» قويايلى،
يېڭى يىلنىڭ سىيماسى بولسۇن.
ئۇتۇق قۇچۇپ ھەربىر ئىشىدا،
شان-شەرەپكە، شۆھرەتكە تولسۇن...

ئىسىم تاللاش توختىدى ئاخىر،
ھەممەيلەننىڭ سۆيۈندى دىلى.
يېڭى يىلغا چېلىندى ناغرا،
جۈپلەشتى ئاستا سائەتنىڭ تىلى.

2005 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر



# تارتىنىش

توۋا دەيمەن، ياش پەرقىمىز بەكمۇ چوڭ،
لېكىن، يۈرەك پىژ-پىژ كۆيەر بىر ئوتتا.
بۇ ئوت شۇنداق ھارارەتلىك، يالقۇنلۇق،
ئۆچمەس ئەسلا زىمىستاندا — قىش جۇتتا.

دېدىم ئاڭا: «سىڭلىم مەندىن ئايرىلىڭ،
بولالمايمەن سىزگە دىلداش ھەم جورداش.
پۇشايمانغا قاچا چىقماي قالىدۇ،
بىر قازاندا قاينىمايدۇ ئىككى باش...»

لېكىن، قىزچاق گەپ يېمىدى قىلچىلىك،
ھېسسىياتىنىڭ تۇتۇنىدە بولۇپ مەست.
دېدى ماڭا: «مېنىڭ كاللام جايىدا،
ئۆزى چۈشكەن كۆڭۈلنى ھېچ تارتماق تەس...»

ئەمدى بىلدىم، تاللىمايدۇ مۇھەببەت
ياش - قېرىنى، ھەتتا يەنە مىللەتنى.
مۇھەببەت ئۇ ئىجازەتسىز كېزىدۇ،
بوپتۇ ئەمىسە تەڭ تارتايلى بۇ دەردنى.

2006 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر



## ھەممىدىن تاتلىقكەن پىچىرلىغان گەپ

ئۇچراشتۇق مىڭ تەستە پۇرسەتمۇ كېلىپ،
يۇرەكنى يۇرەككە مەھكەم يېقىشىپ.
كۆزلەردە مۇھەببەت ئۇچقۇنى شۇ چاغ
نۇر-شولا تۆكتى زەپ ۋۇجۇدنى تېشىپ.

ھېچ زۇۋان سۇرمىدۇق، تىترىدى لەۋلەر،
كىم قىينى سۆز ئاچار ئەڭ دەسلەپتە دەپ.
قۇلاققا ئاڭلاندى بىر چاغدا تىنۋىش:
ھەممىدىن تاتلىقكەن پىچىرلىغان گەپ...

2006 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر



# سەن كىمسەن؟

خاپا يۈردۈڭ داۋاملىق رازى بولماي ھاياتتىن،
يا ئىبادەت قىلمىدىڭ، قورققان بولساڭ ماماتتىن.
يا بىر كۆچەت قويمىدىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ،
رەھمىتىنى ئالمىدىڭ ئەل-جامائەت (بىر زاتتىن).
ئىچىڭدە بىر چار يىلان پىلتىڭشىدى، ئۆينىدى،
زەھرىڭ تەپتى تېشىڭغا چىرايىڭدىن — قاپاقتىن.
ياخشىلىققا يامانلىق ياندۇردۇڭ سەن ھەمىشە،
نەپ تىلىدىڭ ھەر جايدا ناجىنستىن، شەدداتتىن.
«مەككار» دېگەن لەقەمنى ئالدىڭ مانا ئاخىرى،
قۇتۇلمىدىڭ ھېچقاچان توقۇ-لەنەت، ئاتاقتىن.
ئانا زېمىن كۆتۈردى ئەپۇ قىلىپ جىسمىڭنى،
ياشاش ساڭا نە ھاجەت؟ جان تەسلىم قىل توساتتىن.

2006 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



# ئىككى ئالىم ئۇچراشتى جەننەت ئىچىدە

(باللادا)

شىلدىرلاپ ئاقىدۇ زەمزەم سۇلىرى
ئېرىقتا، ئۆستەڭدە كۆۋەجەپ، ئوقچۇپ.
بال دېسە بالدىنمۇ شېرىن، لەززەتلىك،
بەدەنگە تارايدۇ دېمىدە بولۇپ.

ھەممە ياق تولغاندۇر ئىپار ھىدىغا،
چېچەكلەر بەرگىدە ئوينار كېپىنەك.
بۇنداق باغ تېپىلماس پانىي ئالەمدە،
(ئۇ بېرەر جەننەتۇل مەئۋادىن دېرەك).

ئۇچراشتى شۇ يەردە بىر جۈپ ئىزگۇ روھ،
پەرىشتە قوۋملىرى قېلىشتى ھەيران.
ئىككى جان باغرىنى يېقىشتى مەھكەم،
خۇشاللىق، شادلىققا تولدى ھەر تامان.

سالامدا ئېگىلدى مەھمۇد يۇسۇپكە،
خاس ھاجىپ ھۆرمەتتە سۇندى قولىنى.
دېدى ئۇ: «ساق چاغدا كۆرۈشەلمىدۇق،
دىشۋارلىق توسقاچقا دىدار يولىنى...

ھېچكىمدە يوق قىلچە گۇناھى كەبىر،
مۇشۇنداق تارىخ بۇ، ئۇلىشالمىغان.
بىر دەريا سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇپمۇ،
پەيت تېپىپ تۇزۇكرەك مۇڭدىشالمىغان...»

سۆھبەتكە فارابى، ئىبىنسىنا ھەم،
جىمىكى ئالىملار سەمە بولۇشتى.
بۇ ئىككى ئالىمنىڭ قۇتلۇق كۈنىگە
خۇشاللىق ئىلكىدە مەدھىي ئوقۇشتى.

شۇ چاغدا جىبرىئىل كەلدى بىر ياندىن،
ھەممەيلەن تىك تۇردى ئادەت بويىچە.
(نە ئەجەب ئالىملار سوئال - سوراققا
تارتىلىپ قالىدۇ نۆۋەت بويىچە).

جىبرىئىل دېدىكى: «ئىبادەت زۆرۈر،
ۋەلېكىن، پەن - بىلىم ھەممىدىن مۇھىم.
تەڭرىنىڭ ئەڭ يېقىن بەندىسى بولۇر،
ئالىملار پەيغەمبەر تەختىدە دائىم.

كىمىكى ئىلىمنىڭ چىن دوستى بولسا،
جەننەتمۇ شۇنىڭكى ئاياغ ئاستىدا.
ئالىملار گۇناھتىن مەغپىرەت بولۇر،
جان تەسلىم قىلغاندا پانىي دۇنيادا.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەم مەھمۇد كاشغەرىي
زەر كىتاب يېزىشتى ھاياتلىقىدا.
ئىلىمنىڭ ئىشقىدا كۆيدى - ئۆرتەندى،
ياراتتى مۆجىزە سۇباتلىقىدا.

جاھانغا تونۇتتى ئانا يۇرتىنى،
مەغرىپتىن مەشرىققە تارالدى نامى.
خەلقىگە تۈگىمەس بايلىق قالدۇردى،
شۇڭا ئۇ مۆمىندۇر (كامىل ئىمانى).

شۇڭلاشقا ئاللادىن كەلدى بىر ۋەھىي:
〈ئالىملار جەننەتكە نائىل بولسۇن، دەپ؛
بوغۇنلار ئالىملار ئىزىدىن مېڭىپ،
ئىلىمگە، ھۈنەرگە كامىل بولسۇن〉 دەپ».

جىبرىئىل سۆزىگە گۇۋاھچى بولۇپ
قول باغلاپ تۇرۇشتى بارچە پەرىشتە.
مەرىپەت ئىزدىگەن ئىنسانلار روھى
شوخ پەرۋاز ئەيلىدى كۆكتە — ئەرشتە.

شۇ چاغدا پەرىلەر گۈلدەستە تۇتۇپ
قايىللىق بىلدۈردى ھەر ئېغىز گەپكە.
شۇ ئىككى ئالىمنى باشلاپ كېتىشتى
جەننەتنى پىردەۋسى يولى تەرەپكە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم مەھمۇد كاشغەرىي
سەپەرگە ئاتلاندى ئەسەر يازغىلى.
يانمۇيان مېڭىشتى قەلەم قولىدا،
شۇ باقىي دۇنيادىمۇ دۇرلار قازغىلى.

2006 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر



# «كونا رەڭ»

بارغاندۇق گىلەم ئېلىشقا،
«كونا رەڭ» نى تاللىدى مېھمان.
كونا - يېڭى رەڭلەر ھەققىدە
گەپ - سۆز بولدى شۇنچىلىك پىنھان.

چۈشەنمەستىن سورىدىم شۇ چاغ:
«ھەر نەرسىنىڭ يېڭىسى ياخشى.
كونا دېگەن بەربىر كونا،
بىلەلمىدىم، نېمىسى ياخشى؟»

دېدى شۇئان گىلەمچى ئۇستام:
«ھۈنەرۋەنلەر پۇختا توقۇغان.
ئەجدادلاردىن قالغان بوياقتا
ئۆڭمەس قىلىپ سىپتا بويىغان.

〈كونا رەڭ〉 دە توقۇلغان گىلەم
ساختىلىقتىن، ھىيلىدىن خالىي.
ئادەم ئەگەر بولمىسا ساختا،
جىنىڭ بولىدۇ ھۈنىرى — مالى.»

2006 - يىل 10 - ئاي، قەشقەر



# ئۈزۈك نەپەسلەر

(چاتما)

## مەن شەرققە قارايمەن

ھەركۈنى تاڭ ئاتماستا،
چولپان يۇلتۇز پاتماستا،
تولۇن ئايمۇ قاچماستا،
كۈندە شەرققە قارايمەن.

قۇياش بالدۇر چىقسا، دەپ،
نۇر - زىيالار چاچسا، دەپ،
ماڭا قۇچاق ئاچسا، دەپ،
كۈندە شەرققە قارايمەن.

قۇياش خەۋەر ئەپ كەلسە،
خۇش خەۋەرنى دەپ كەلسە،
دىلغا شادلىق سەپ كەلسە،
ئۈمىد بىلەن قارايمەن.

چۈنكى، شەرقتە ئېلىم بار،
ئانا يۇرتۇم — يېرىم بار،

هاياتىم بار — جېنىم بار،
شۇڭا شەرققە قارايمەن.

2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تاشكەنت

## نەۋائى ھەيكىلى ئالدىدا

نەۋائى ھەيكىلى تۇرار قەد كېرىپ،
گۈلدەستە قويدۇممەن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ.
شائىرغا ئۇرغۇدى ھۆرمەت ـ ئېھتىرام،
قەلبىمدە گوياكى بىر قۇياش يورۇپ.

ئاڭلىدىم شۇ جايدا پىچىرلاشلارنى:
«نەۋائى كىم ئۆزى؟ تەۋە قاياققا؟»
باش تارتتى جاۋابتىن سەپەرداشلىرىم:
«جاۋابنى بەرمەك تەس ئۇشبۇ سوراققا.»

دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئەجەبمۇ قىزىق،
يامانىنى ئىتتىرەر يىراققا نېرى؛
ياخشىنى تالىشار قوۋمىغا تارتىپ،
بۇ شۇنداق ئادەتتۇر ئەزەلدىن بېرى.

نەۋائى كىم بولسۇن، قايسى نەسەبتىن،
ئۇ خەلقنىڭ شائىرى، غۇرۇرى، پەخرى.
نەۋائى جاھانغا، دۇنياغا مەنسۇپ،
شۇڭا ياد ئېتىدۇ ھەر مىللەت ئەھلى.

2006 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، تاشكەنت

## نەمەنگاننىڭ قىزلىرى

نەمەنگاننىڭ ئالمىسى تىلنى يارادۇر،
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى جاننى ئالادۇر.
— خەلق قوشاقلىرىدىن

نەمەنگاننىڭ قىزلىرى كارامەت قىزلار،
شۇ قىزلارنىڭ يۇرىكى ئاتەشكە تولغان.
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى ئالامەت قىزلار،
ئەقلى - ھوشى، ئىدراكى گويا بىر ۋولقان.

نەمەنگاننىڭ قىزلىرى باغدا ياشايدۇ،
نەمەنگان قىزلىرىنى ھەممە داڭلايدۇ.
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى ناخشىغا ئۇستا،
ناخشىسىنى بۇلبۇللار كېلىپ ئاڭلايدۇ.

ئالما بەرسە گەر سىزگە ئېلىڭ، «ياق» دېمەڭ،
ئالمىنى يەپ ۋەلېكىن «ماڭا باق» دېمەڭ.
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى شۇنچە بازارلىق،
ھەممىسىنىڭ جۇپتى بار، تەنھا، تاق، دېمەڭ.

نەمەنگاننىڭ قىزلىرى ئالما ساتىدۇ،
ئالما بىلەن قوشۇپ سىزگە قاشمۇ ئاتىدۇ.
قاش ئېتىشى شۇخلۇقى ھەم تۇز كۆڭۇللۇكى،
بەتنىيەتتە بولسىڭىز تاشمۇ ئاتىدۇ.

* * *

نەمەنگاننىڭ قىزلىرى كارامەت قىزلار،
نەمەنگاننىڭ قىزلىرى ئالامەت قىزلار.

2006 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، نەمەنگان

## «پادىشاھ ئاتا دەرياسى» بويىدا

ئۆزبېكىستان نەمەنگان ۋىلايىتى مانەي يېزىسىنىڭ قىرغىزىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان تاغ باغرىدا «پادىشاھ ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر گۈزەل دەريا بار. بۇ يەرگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئاغزى ئۈزۈلمەيدۇ...

گۈزەل زېمىن، تۆت ئەتراپى تاغ،
دەل قاق بەلدىن دەريا ئاقىدۇ.
ئىككى قىرغاق گۈل-گۈلىستان باغ،
بارچە ئىقلىم ئاڭا باقىدۇ.

دەريا سۈيى تاشقا ئۇرۇلۇپ،
ئاپئاق بۇژغۇن كۆۋەجەر تىنماي؛
ئالتۇن ۋادا قۇچاق ئاچىدۇ،
ئۈنچە - مارجان باغرىغا قانماي.

سۈنىڭ تىنىق، سۈزۈكلۈكىدىن
دەريا تېگى ئوچۇق كۆرۈنەر.
جانغا ھۇزۇر بېغىشلار شۇ سۇ،
تەنگە يېپەك كەبى بىلىنەر.

دەريا سۈيى گوياكى زەمزەم،
قۇۋۋەت بولار ئىچكەن ئادەمگە.

ماركا چاپلاپ ساتقىلى بولار،
يىراق - يېقىن، پۈتۈن ئالەمگە.

سۈلا ئەمەس، تىللا ئاققاننى
تۈنجى كۆرۈشۈم دەريا ئىچىدە.
نۇر-جۇلادىن كۆزۈم قاماشتى،
كۈندۈز ئەمەس، ئايسىز كېچىدە.

2006 - يىل 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، قىرغىزستان — ئوش



# ئۇنىڭ يارى قەلبىدە

(بىر شائىرەنىڭ خاتىرىسىدىن)

قىز چوڭ بولدى (يەتتى بويىغا)،
ئەلچى كەلدى تەرەپ - تەرەپتىن.
نە ئۇچۇنكى قىزدىن جاۋاب يوق،
نېمە ئىش بۇ، نېمە سەۋەبتىن؟

قىز ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى،
بىر سويامچە قەلەمنى تۇتۇپ:
«ئاشىقىم شۇ — سۆيگىنىممۇ شۇ،
رام قىلغان ئۇ مەيلىمنى ئۇتۇپ.

خۇشاللىقىم، قەھر-غەزىپىم
مۇجەسسەمدۇر قەلەم ئىچىگە.
ئىجادسىز هايات — مەنىسىز هايات،
ئىجادسىز كۈندۈز ئوخشار كېچىگە.

شائىرلىقىم يەتسۇن ۋايىغا،
ساقلىغانلار شۇ چاغ گەپ ئاچسۇن.
شېئىرلىرىم — مۇھەببىتىمدۇر،
شۇ مۇھەببەت مېنى ياشناتسۇن.»

2006 - يىل 11 - ئاي، قەشقەر



# مەن يارىمنى نىمە دەي...

(بىر شائىرغا تەقلىد)

I

مەن يارىمنى گۈل دەر ئىدىم، گۈلمۇ تىكەنلىك،
مەن يارىمنى نۇر دەر ئىدىم، نۇرمۇ بىردەملىك.

مەن يارىمنىڭ دىل مېھرىنى دەر ئىدىم دەريا،
دەريا سۈيى يازدا تاشقىن، قىشتا كەملەكلىك.

مەن يارىمنىڭ كۆزلىرىنى دەر ئىدىم چولپان،
چولپان يۇلتۇز كېچىسى بار، كۈندۈز مۆكۈكلىك.

مەن يارىمنىڭ بويلىرىنى دەر ئىدىم شەمشاد،
شەمشادنىڭمۇ پۈتىقى بار (ئەگرى - بۈگرىلىك).

II

مەن يارىمنىڭ قاشلىرىنى دەر ئىدىم سىيا،
شۇ قاشقىمۇ بەزى چاغدا قويىلار ئۇسما.

مەن يارىمنىڭ لەۋلىرىنى دەر ئىدىم ياقۇت،
ياقۇتمۇ بىر سەزگۈسى يوق تاش ئىكەن ئەمما.

مېنىڭ يارىم شۇنچە بەرنا، شۇنچە جەزبىدار،
تەڭدىشى يوق بۇ ئالەمدە گۈزەل بىر سىيما.

مەن ماختىماي كىم ماختىسۇن ئاشۇ سەنەمنى،
چۈنكى ئۆزۈم بىر ئۇنىڭغا ئاشىق - مەھلىيا.

2006 - يىل 11 - ئاي، قەشقەر



# قار ياغقاندا

تەبىئەت پۈركەندى ئاپئاق لىباسقا،
يەر-زېمىن يېپىندى مامۇقتىن يوتقان.
دەرەخنىڭ شېخىدا مۇزنىڭ پارچىسى،
ئېرىقتا، ئۆستەڭدە قېلىن مۇز توتقان.

قۇشقاچلار سايرىشار ئۆچەكلىرىدە،
قاغىلار قىلىشقان تېرەكنى قونداق.
تۆلپارلار كىشنەيدۇ تىزگىننى سىيرىپ،
مېكيان تۇخۇملاپ قاقاقلار ھەرۋاق.

قىش كۈنى ھەر يەردە شادلىق نامايان،
بالىلار ياسايدۇ قاردىن بوۋاينى.
ئۇلارنىڭ چېھرىدە كۈلكە-تەبەسسۇم،
ئەسلىتەر گوياكى نۇرانە ئاينى.

تەبىئەت ئۇخلايدۇ ھاردۇق يەتكەندەك،
ۋەلېكىن ھاياتلىق داۋام قىلىدۇ.
ئاشۇ قار مول ھوسۇل بەلگىسى بولغاچ،
قىشمۇ باھاردەك لەززەت بېرىدۇ.

مەن قارنى ئەزەلدىن ياخشى كۆرىمەن،
قار گويا ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە.
ئىنسانلار بولىسىدى قاردەك بىغۇبار،
پاك - پاكىز بولاتتى دۇنيا ھەمىشە.

2006 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر



# سىنىڭدىن ئايرىلسام شۇنداق ياشايمەن

(شائىر ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ «مېنىڭدىن ئايرىلساڭ قانداق قىلارسەن» ناملىق شېئىرىغا مۇشائىرە)

مېھرىبان، غەمگۇزار، سۆيۈملۈك دادا،
سىنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.
بالىلىق بۇرچۇمنى قىلىمەن ئادا،
سىنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

مېنى چوڭ قىلغۇچە تارتتىڭ كۆپ جاپا،
ئاڭلىدىڭ بىھېساب تەنە ۋە تاپا،
دەردىمدە يۇردۇڭسەن ھەمىشە خاپا،
سىنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

تاپانغا كىرگەندە خوخا يا تىكەن،
كىرپىكتە ئالدىڭسەن ئاغرىتماي بەلەن،
دادىنىڭ شەپقىتى گويا گۆھەركەن،
سىنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

گەر ئاغرىپ قالسامەن پەرۋانە بولدۇڭ،
ئاھ ئۇرۇپ ھەرياندا سەرسانە بولدۇڭ،

دورىغا پۇل سوراپ دىۋانە بولدۇڭ،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

مۇبادا مۇشتلاشسام يارامنى تاڭدىڭ،
«ھېچ گەپ يوق» دەپ يەنە كۆڭلۈمنى ئالدىڭ،
دەۋالار ئۇلغايسا ئۇياتتا قالدىڭ،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

باشتىلا ئاغزىمغا سالدىڭسەن ئىلىم،
مەكتەپكە بەردىڭسەن ئالسۇن دەپ بىلىم،
ئاز-تولا يورۇدى قاراڭغۇ دىلىم،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

ھەتتاكى بالىلىق بولغان چاغدىمۇ،
قويدۇم سېنى مەن يەنە داغدىمۇ،
مەست-ئەلەس يۈردۈمەن باغدا، تاغدىمۇ،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

...

قىلغان شۇ ئىشىمغا خىجىلمەن ئۆزۈم،
ھەسرەتلىك ياشلارغا تولدى بۇ كۆزۈم،
كاپالەت بېرىمەن — بۇ راست، چىن سۆزۈم،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

نە قىلاي، پۇشمانغا قاچا — ئىدىش يوق،
ۋاق قىستاپ كەلدىغۇ، ئەمدى تىنىش يوق،
بىر ئالغا قارايمەن، ئارتقا يېنىش يوق،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

سېنىڭدىن ئايرىلماي بىللە ئۆتىمەن،
مېھماننى كۈتكەندەك ياخشى كۈتىمەن،
مەن سېنىڭ ھالىڭغا چوقۇم يېتىمەن،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

سۇ دېسەڭ، زەمزەمنى قۇيۇپ بېرىمەن،
گۆش دېسەڭ، قوچقارنى سويۇپ بېرىمەن،
قوغۇننى، تاۋۇزنى ئويۇپ بېرىمەن،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

گەر كېسەل بوپ قالساڭ داۋاسى مەندىن،
قان لازىم بوپ قالسا بېرىمەن تەندىن،
ھېچ خىجىل قىلمايمەن پۇلدىن — موچەندىن،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

گەر نېسىپ بوپ قالسا بېرىش ھەرەمگە،
كۆتۈرۈپ ماڭىمەن ئېلىپ مۇرەمگە،
ھەم ئېلىپ كىرىمەن بېھىشكېرەمگە،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

ئىش-ئوقەت بولسىلا ياخشى ئىشلەيمەن،
مېھنىتىم-ئەجرىمدىن خامان چەشلەيمەن،
نان يېسەم ھالاللاپ ئاندىن چىشلەيمەن،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

تۆھپىكار بولىمەن ھەربىر چېلىشتا،
نەمۇنە بولىمەن ئىجادتا، ئىشتا،
جاپانى يېڭىمەن تومۇزدا، قىشتا،
سېنىڭدىن ئايرىلماي ئوبدان ياشايمەن.

يۈزدە يۈز باسمەن سېنىڭ ئىزىڭنى،
چوڭ ئالىم قىلىمەن نەۋرە قىزىڭنى،
ئاقلايمەن مەڭگۈگە بەرگەن تۈزۈڭنى،
سېنىڭدىن ئايرىلسام شۇنداق ياشايمەن.

گېپىمدە تۇرمىسام بالام، دېمىگىن،
ۋەدەمنى بىر قۇرۇق كالام، دېمىگىن،
ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا سالام، دېمىگىن،
سېنىڭدىن ئايرىلسام شۇنداق ياشايمەن.

2006 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر

# ھۆرمەت چاچقۇلىرى

## تەبرىكنامە

(ئاتاقلىق ماتېماتىك، پېداگوگ، ئۇستازىم سەيدۇللا يۇسۇپ تەۋەللۇتىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

يەتمىشكە تالىق تويىڭىز بولدى،
ئالتۇنغا تەڭداش بويىڭىز بولدى،
ھاياتتا مەنىلىك يولىڭىز بولدى،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئىرپان بېغىدا ئەلاچى ئوقۇپ،
كىتابنى گويا كۆڭۈلگە توقۇپ،
جاپا - مۇشكۇللەر يول بەردى قورقۇپ،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئىشچان - تىرىشچان بىر باغۋەن بولۇپ،
گوياكى شامدەك نۇر چېچىپ-يورۇپ،
خىزمەت قىلدىڭىز غەيرەتكە تولۇپ،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

قان-تەر تۆكتىڭىز بوغۇنلار ئۈچۈن،
بىلىمگە تەشنا سولغۇنلار ئۈچۈن،
بىر ئەمەس، مىڭلاپ نۇرغۇنلار ئۈچۈن،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

باغۇەن سېپىگە يولباش بولدىڭىز،
سىرداش، سەپەرداش، قولداش بولدىڭىز،
بىر تۇغقان كەبى يولداش بولدىڭىز،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئەۋلادلار ئۈچۈن كىتاب يازدىڭىز،
كېسەل تۇرۇپمۇ چىداپ يازدىڭىز،
ۋەبەلكى ئەلگە خىتاب يازدىڭىز،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

سىزدىن بەختلىك ئىنسان ھەم بارمۇ؟
سىزدىن قەدىرلىك بىر جان ھەم بارمۇ؟
سىزدىن زىيادە ۋىجدان ھەم بارمۇ؟
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئۇستاز ئاتالغاچ ھەممىدىن بۇرۇن،
ئالدىڭىز ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن.
ئىززەتۇئىكرام ئاچتى كەڭ قويۇن،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

شەرەپ ئۈستىگە شەرەپلەر بولسۇن،
بەخت بېغىغا گۈللەر لىق تولسۇن.
ئۆمرىڭىز مەڭگۈ شاد - خۇرام ئۆتسۇن،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

## تۇنجى گۈلدەستە

(ئاتاقلىق يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ 65 ياشقا كىرگەنلىكى،
ئىجادىيىتىگە 45 يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

بۇ يىل مانا دەل كىردىڭىز ئاتمىش بەش ياشقا،
نى سەۋدالار، نى قىسمەتلەر چۈشتى بۇ باشقا.

ئەمما ئىجاد دەرياسىدا ئۈزدىڭىز مەزمۇت،
ئەڭ ئاخىرى چىقتىڭىز شۇ قىرغاققا ـ قاشقا.

«گۆرۈچ»① ناملىق ھېكايىدىن باشلانغان مەنزىل،
ئالقىش ياغقان تۇنجى مېۋە — ئوخشىغان ئاشقا.

«ھايات شۇنداق»②، «ئاي يامغۇرى»③ چاچتى نۇر ـ شولا،
«سەرسان روھ»④ نىڭ مېھرى ئۆتتى ھەر ۋەتەنداشقا.

چېچىڭىزغا ئاق سانجىدى «تارىم» دا ئىشلەپ،
ئۇستاز بولۇپ بوغۇنلارغا، ئۈمىدلىك ياشقا.

پەخىرلىنىپ چىن يۈرەكتىن تۇنجى گۈلدەستە،
ھۆرمەت تونى كىيگەن چاغدا دوستقا ـ ئاداشقا.

---

① گۆرۈچ — ئەخەت تۇردىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىسى.

②③ «ھايات شۇنداق»، «ئاي يامغۇرى» يازغۇچىنىڭ رومانلىرى.

④ «سەرسان روھ» — يازغۇچىنىڭ مەملىكەتلىك جۇڭگو كىتاب مۇكاپاتىغا، «تۇلپار» مۇكاپا- تىغا ئېرىشكەن مەشھۇر رومانى.

## ئۇ — بۇگۇنكى تېيىپجان

بىر شائىر بار غۇلجىدا،
ئىسمى ئۇنىڭ مۇھەممەتجان.
زەپ ئوخشاتقۇم كېلىدۇ:
ئۇ — بۇگۇنكى تېيىپجان.

ئۇلار ئىلى بويىدا
تۇغۇلغان ھەم چوڭ بولغان.
بىر دەريادىن سۇ ئىچىپ،
ئەقىل تاپقان، ئوڭ بولغان.

زاكىسىدىن تەڭ تەگكەن
شائىرلىققا ھەۋىسى.
بېغىشلانغان ئىجادقا
يۈرىكىنىڭ پارىسى.

شېئىرلىرى ئوخشايدۇ،
بىر قېلىپتا قۇيغاندەك؛
قول بېرىشىپ گوياكى
ئۇدۇمىنى ئالغاندەك.

ئەشئارىدا — شېئىرىدا
بال-ھەسەلنىڭ تەمى بار.
ئىككىيلەننىڭ ئۆزگىچە
ماھارىتى - پەمى بار.

ھەم ئوخشايدۇ ئۇلارنىڭ
تەقدىرى ۋە قىسمىتى.
تۆھمەتخورنى لەت قىلىپ،
ئەلگە قىلغان خىزمىتى...

* *

بىر شائىر بار غۇلجىدا،
ئىسمى ئۇنىڭ مۇھەممەتجان.
زەپ ئوخشاتقۇم كېلىدۇ:
ئۇ — بوگۇنكى تېيىپجان.

ئۆگەنمىسە ئەجدادتىن،
ۋارىسلىقتىن نە پايدا؟
مۇھەممەتجان ئۇنتۇماس
تېيىپجاننى ھەر جايدا.

## مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز

(پېشقەدەم شائىر ھاجى ئابدۇسەمەت خېلىل ئىجادىيىتىنىڭ
55 يىللىققى، تەۋەللۇتىنىڭ 70 يىللىقىغا تەبرىك)

مەرھابا ئەي شائىر، قۇتلۇق يېشىڭىز،
خىسلەتلىك كەچمىش ھەربىر ئىشىڭىز،
كۆككە تاقاشسۇن ئالتۇن بېشىڭىز،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ۋىجدانلىق، ساپ دىل ئادەم بولدىڭىز،
تىرىشچان، ئەل سۆيەر خادىم بولدىڭىز،

سېخىلىقتا بىر ھاتەم بولدىڭىز،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئەلنىڭ ئىشقىدا بولۇپ پەرۋانە،
جاپا ئالدىدا ھامان مەردانە،
مۇشكۈلاتلارنى قىلغان پەيمانە،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

ئەللىك يىل ئۆتتى ئىجادتا — ئىشتا،
سەراتان تومۇزدا، قەھرىتان قىشتا،
گويا تۇلپارسىز ھەربىر چېلىشتا،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

كېسەل ئازابى قىيىندى بىر پەس،
لېكىن تۇردىڭىز گىگانت، بەرجەس،
توختاپ قالمىدى ئىجادىي ھەۋەس،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

«ئۇزۇلمەس كۈيلەر»① ئۇزۇلمەي ئاقتى،
«ھايات سۆيگۈسى»② ئاۋامغا باقتى،
«ھايات ئالبۇمى»③ دىلغا بەك ياقتى،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

شەرەپ تۆرىدىن ئالدىڭىز ئورۇن،
ئىززەتۇ ئىكرام ئاچتى كەڭ قويۇن،
سىزگە ھۆرمەتتۇر بۇگۈنكى سورۇن،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

---

①②③ شائىرنىڭ شېئىر توپلاملىرىنىڭ نامى.

تېنىڭىز ساغلام بولغاي مەڭگۈگە،
ئىجادتىن ئىزلار قالغاي مەڭگۈگە،
ئۆمرىڭىز گۈلگە تولغاي مەڭگۈگە،
مۇبارەك بولسۇن يەتمىش يېشىڭىز.

2005 ـ، 2006 ـ يىللار، قەشقەر

# ئۆ كەتتى

(ئاتاقلىق شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىنگە مەرسىيە)

ئايا دوستلار، ۋاقىتسىزلا چىمەننىڭ بۇلبۇلى كەتتى،
ئىجاد ـ مېھنەت سېپىنىڭ بىر چەۋەنداز دۇلدۇلى كەتتى.

كېچە ـ كۈندۈز ناۋا ئەيلەپ، خەلقىنىڭ بەختىنى كۈيلەپ،
ئىشق يولىغا گۈل تەرگەن مۇقامنىڭ مەرغۇلى كەتتى.

بوغۇنلارغا كۆيۈپ پىشقان، ھالال ئەجرىدە شان قۇچقان،
ئەدىبە — شائىرەلەرنىڭ تۇۋرۇكى — غولى كەتتى.

كۆرۈشكەندۇ جەننەتتە جۇپتى بىلەن شۇ پەيتتە،
مۇھەببەت بابىنىڭ قالتىس ۋاپادار بىر گۈلى كەتتى.

كەتتى ئۇنىڭ پاك جىسمى، روھى مەڭگۈ كەتمەيدۇ،
ئەلنىڭ ئىخلاس دۇئاسى ئاڭا بىر يولى كەتتى.

2006 ـ يىل 1 ـ ئاي، قەشقەر

# ئىككى پارچە خەت

يېقىندا يېزىقچىلىققا دائىر ماتېرىياللىرىمنى ئاختۇرۇۋېتىپ، تاسادىپىي ھالدا تالانتلىق مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى (ھازىرقى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستى- تۇتى) نىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا قاغىلىق ناھى- يىسىگە پراكتىكىغا چىققاندا ماڭا يازغان بىرپارچە سالامنامىسى ۋە پېقىرنىڭ شائىرغا يازغان جاۋابنامەمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. شائىرنىڭ بۇ «سالامنامە» سى ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلان- سىمۇ، ئۇنىڭدا شېئىرىيەتكە، ھاياتقا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى مەلۇم دەرىجىدە بىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنى ياد ئېتىش مەقسىتىدە بۇ ئىككى پارچە تەۋەررۇك خەتنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

### سالامنامە

سالام سىزگە ئابلىز ئاكا، جايتېرەكتىن تاش ئاتتىم،
دىل كۆلچىكى چايقالسۇن، دەپ نەزمەم بىلەن قاش ئاتتىم.

خىزمىتىڭىز ئوتتۇقلۇقمۇ، سالامەتمۇ تېنىڭىز؟
سىزنى ئەسلەر ھەر دائىما روزى سايىت (ئىنىڭىز).

بۇلبۇلىڭىز كۆندە ئۈچ ۋاق سايرامدۇ شۇ لابادا،
شوخ چۈجىلەر چۇرۇقلامدۇ ئويناپ - كۆلۈپ پەگادا.

خاتالاغا پەشۋا ئۇرۇپ ماڭغاچ پولات ئېتىڭىز،
ئېسىل خەۋەر - ماقالىگە تولدى گېزىت بېتىڭىز.

مەن بىلىمەن، سىزدە تولۇق جەڭ - كۈرەشنىڭ ئىستىكى،
شۇڭا گۇمران ئالدىڭىزدا دۈشمەنلەرنىڭ پىستىكى...

ئابلا ئاكام[1] «ئاق ناۋاتنىڭ سىرى»[2] بىلەن سىرلىقمۇ؟
ئۇچقۇن[3] چىپان باغلىرىنىڭ ياڭىقىدەك قىرلىقمۇ؟

ئابدۇجېلىل[4] ئاتمىش ياشلىق بەختىكامدىن قېرىمۇ؟
تۇرسۇن نىياز[5] كۆرۈنمەيدۇ، ھەۋەسلەردىن نېرىمۇ؟...

روزى سايىت باشنى قويۇپ «كۈرەش»[6] ناملىق داستاندا،
ياشىماقتا ھېلىغىچە سۇمۇرغ ئۆيى — بوستاندا.

ئۆتكەن ئايدا كەلگەندىم ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ،
(شوپۇر ئاكام چېكىسىگە ئالتە كوينى قوندۇرۇپ).

جايتېرەك دەپ نامى داڭدار ماكان كۈتتى پەپىلەپ،
مەنمۇ يۈردۈم ئون كىشىنىڭ قاتارىدا ئەركىلەپ.

يۈسۈپ قاسىم[7] ئاتا بولدى، بالا بولدۇق بەشىمىز،
دۈي ئارىلاپ پالاقشىدۇق، يولدا قالدى كەشىمىز.

---

① ئابلا ئاكام — يازغۇچى ئابلا ئەخمىدى.
② «ئاق ناۋاتنىڭ سىرى» يازغۇچى ئابلا ئەخمىدىنىڭ شۇ چاغلاردا يېزىۋاتقان ئەسىرى.
③ ئۇچقۇن — شائىر ئۇچقۇنجان ئۆمەر.
④ ئابدۇجېلىل — شائىر جېلىلى.
⑤ تۇرسۇن نىياز — شائىر تۇرسۇن نىياز.
⑥ «كۈرەش» — روزى سايىتنىڭ شۇ چاغلاردا يېزىۋاتقان داستانى.
⑦ يۈسۈپ قاسىم — قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، شائىرنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى.

ناخشا قاتتۇق ئىلھام كېلىپ، كۈيلىدۇق گۈل - غۇنچىنى،
سىزگە سۇندۇق پوچتىكەشتىن شېئىر - قوشاقتىن ئۈنچىنى.

كۆڭلىمىز توق، قايغۇمىز يوق، پەيزى چاغ بولغان بىراق،
قاچتى سەنئەت ئات - ئېشەككە ئۇن بېسىپ بىزدىن يىراق...

خوشلىشىشنىڭ ۋاقتى كەلدى، دەل تۇتۇپ پۇرسەتنى مەن،
يېزىمىزنىڭ پوچتىسىدىن يوللىدىم بۇ خەتنى مەن.

ئەتىيازكەن، ناتونۇش يۇرت، ئەت يېرىم - ئورۇقچىلىق،
بىر تالاي گەپ سوۋغا قىلدىم يۆگىلەر قورۇقچىلىق.

تىنچ - ئامانلىق، دىل يېقىنلىق بەلگىسىدۇر يازغىنىم،
پېشۋالار رەنجىمەس، ئەپۇغا لايىق ئازغىنىم.

1976 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى
شاگىرتلىرى روزى سايىت

## جاۋابنامە

رەھمەت سىزگە روزاخۇن، خەت يوللاپسىز پوچتىدىن،
نەزم - قوشاق توقۇپسىز قەلبىڭىزنىڭ تۇشتىدىن.

ھالۇئەھۋال سوراپسىز، ھەممەيلەن ساق - سالامەت،
رەنجى - ئەلەم كەلمىدى، كۆرمىدۇق ھېچ مالامەت.

يەڭگىڭىز بۇلبۇل بولۇپ سايراپ تۇردى لابادا،
كەڭ ئاۋامنى ئويغاتتى سەھەر ۋاقتى — سابادا.

كېچە - كۈندۈز ئىشلىدىم جاپا چېكىپ ئۆزۈممۇ،
خاتالارنى تۈتۈشقا چىداش بەردى كۆزۈممۇ.

ئابلا ئاكام «ئاق ناۋات سىرى» بىلەن ئالدىراش،
ئۈچقۈن ئەمدى بوپ قالدى بالدۈرقىدىن سەل ياۋاش.

ئابدۈجېلىل ئىچمەي قالسا شېئىر يېزىپ قويىدۇ،
تۈرسۈن نىياز ناندىن كۆپرەك دورا يەپلا يۈرىدۇ...

خېتىڭىزدىن بىلدىمكى، شېئىر — داستان يېزىپسىز،
شېئىر ئەمەس، قەلبىڭىزنى نەزم قىلىپ تىزىپسىز.

تۈرمۈش دېگەن پۈتمەس بۇلاق، نەق بىلىمگە ئېرىشىش،
دېھقانلاردىن ئۆگىنىپ، كېچە - كۈندۈز تىرىشىش.

سىزدە ئوتتەك قىزغىنلىق، يەنە ئۆتكۈر كاللا بار،
يېتەكلەشكە ئىجادقا يۈسۈپكامدەك موللا بار.

بىزگە سۈنغان شېئىرنى ئىشلىتىمىز ئاز ئۆتمەي،
يەنە ئەسەر يوللاڭ سىز، ھەق بېرىشنى بەك كۈتمەي...

يەنە شۇنى بىلدىمكى، ئوتتۇز پىرسەنت ئاق① يەپسىز،
كەملەپ قالغان قىسمىغا گۈلە بىلەن قاق يەپسىز.

ئاڭلاپ ئۈشبۇ خەۋەرنى سىزگە ئىچىم ئاغرىدى،
سىزمۇ دېھقان بولغانغۇ، دېھقانغا بۇ نېمىدى؟!

① ئوتتۇز پىرسەنت ئاق — شۇ چاغلاردا نورمىلىق ئاشلىققا بېرىلىدىغان ئاق ئۇن.

ئۆتۈپ كېتەر بۇ كۈنلەر، ياخشى چاغلار كېلىدۇ،
لەڭمەن يەيسىز تويغۇدەك، ھايات يەنە كۈلىدۇ.

كۆڭۈل يېرىم بولمىسۇن، قۇرۇق خەتنى يازدىم، دەپ،
پېشۋالار ئالدىدا يەنە بىر رەت ئازدىم، دەپ.

مەزكۇر سالام خېتىڭىز مىڭ سوۋغاتتىن ياخشىراق،
دىل مېھرىمىز تۇتاشتى بولسىمۇ مەنزىل يىراق.

ئەگەر قايتىپ كەلسىڭىز، بىزنىڭ ئۆيگە بىر كېلىڭ،
مۇڭدىشارمىز كەڭتاشا، تەكلىپنى ئىلىك ئېلىڭ.

1976- يىل 5- ئاينىڭ 20- كۈنى، قەشقەر
2007 - يىل 1 - ئايدا رەتلەندى



# بىر تال ئەتىرگۈل

تۇتاي دېسەم ئۆز ۋاقتىدا ئەتىرگۈل،
گۈل ئېلىشقا چىقىشمايتتى پۇلۇممۇ.
تۇرمۇشنىڭ شۇ ئېغىر يۈكى غېمىدە،
ئۆزۈم. نامرات، قىسقا ئىدى قولۇممۇ.

ئۆتتى كۈنلەر، ئۆتتى ئايلار، نەچچە يىل،
چېكىلەرگە ئاق سانجىلدى بىر تالاي.
ئۇنتالمىدىم، ئۇنتاي دېسەم زادىلا،
ئايرىلىشقا بولمىغاندەك قۇياش-ئاي.

ئېسىڭدىمۇ، تۇتقانىدىڭ بىر تال گۈل،
ئۇرۇقىنى ساقلىغانتىم قەدىرلەپ.
ئاشۇ ئۇرۇق باغجانلىدى، ئاينىدى،
كېچە - كۈندۈز خەۋەر ئالغاچ پەپىلەپ.

مانا ئەمدى تۇتاي ساڭا بىر تال گۈل،
بىر تال ئەمەس، ئەتىرگۈللۈك باغنى مەن.
قېرىمايدۇ ساپ مۇھەببەت مەڭگۈگە،
ئەسلەپ تۇراي ئاشۇ شېرىن چاغنى مەن.

2007 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر



# ئاۋازىڭىز ياڭراپ تۇرىدۇ

(ئاتاقلىق ئاۋاز ئارتىسى، قەيسەر ئايال مۇنەۋۋەر ئابلەتكە مەرسىيە)

سۆيۈملۈك سىڭلىم مۇنەۋۋەر ئابلەت،
مەن تېخى سىزنى كۆرمىگەن بىر رەت.
كۆرمىگىنىممۇ ئوبدان بوپتىكەن،
كۆرگەن بولسام بولاركەن قوش دەرد.

ئاڭلىغان چاغدا مۇدھىش خەۋەرنى،
باغرىم لىقمۇلىق ھەسرەتكە تولدى.
سىزنىڭ گۈزەل ئاشۇ چېھرىڭىز
كۆڭۈل كۆزۈمدە نامايان بولدى.

زىل ئاۋازىڭىز ياڭراپ تۇرىدۇ،
گوياكى ھايات يېنىمىزدا سىز.
قەيسەر روھىڭىز ئالغا باشلايدۇ،
قەلب تۆرىدە، دىلىمىزدا سىز.

باتۇرلۇقىڭىز، ماھارىتىڭىز
ھەربىر يۈرەككە سالدى ئوتلۇق ئىز.
مەڭگۈ ياشايسىز ئاۋام قەلبىدە،
ئۇنتۇماس سىزنى بارچە ئوغۇل-قىز.

ئاياللار زاتى سىزدەك بولامدۇ؟
قاياقتىن كەلگەن غەيرەت-جاسارەت؟
ئەمدى بىلدىمكى، سىزگە كۈچ بەرگەن
ئەل-ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت!

مەندە ئىشەنچ بار: جەسۇر ئەۋلادلار
داۋاسىز كېسەلگە ئامال تاپىدۇ؛
شۇندىلا سىزنىڭ ئېسىل روھىڭىز
تەسكىن تاپىدۇ، كامال تاپىدۇ.

جەننەتۇل مەئۋا جايىڭىز بولسۇن،
قەبرىڭىزدىن ئۈنسۇن گۈل-چېچەك.
پەزىلىتىڭىز چېچىپ پارلاق نۇر،
تېخىمۇ گۈزەل بولغاي كېلەچەك.

2007 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر





# چىللىساڭ

(شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

سەن بىلەن بىللە بولۇش چىن ئىختىيارىم، چىللىساڭ،
چۈنكى، سەن ماھى تابانىم، غەمگۇزارىم، چىللىساڭ،
بۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈم، كۆڭۈل ئىزھارىم، چىللىساڭ،
مەن ھامان تەييار، ئەگەر مېھنەتكە يارىم، چىللىساڭ،
ماڭلىيىمدىن ئۈنچە تەر تۆكمەك خۇمارىم، چىللىساڭ.

كەڭ تەبىئەت قوينىدا تايچاققا ئوخشاش كىشنىسەم،
تاغ - دالادا، قىقىر سايدا ئالتۇن داننى چەشلىسەم،
قەنت قوشۇپ، ناۋات قوشۇپ نانى ھالاللاپ چىشلىسەم،
كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا ياندىش كۈنۈتۈن ئىشلىسەم،
چارچىماسمەن قىلچىمۇ، ئاشقاي مادارىم، چىللىساڭ.

يۇرت - ماكانىنى ئابىدان، مىرغىزار قىلماق ئۈچۈن،
خۇش ھىدى جانغا ھۇزۇر، بىر گۈلزار قىلماق ئۈچۈن،
خەلقىئالەمگە مۇناسىپ گۈل دىيار قىلماق ئۈچۈن،
ھۆر يېزامنى گۈل - گۈلىستان، لالىزار قىلماق ئۈچۈن،
بار ۋۇجۇدۇمدا مېنىڭ غەيرەت - چىدامىم، چىللىساڭ.

نە سەۋەب قاچاي جاپادىن ئۆزۈم بىر باتۇر تۇرۇپ،
تۇرسا قەلبىمدە شىجائەت دولقۇن ئۇرۇپ، مەۋج ئۇرۇپ،
ئاينى ئاسماندا دېسە گەر ئۆزىمەن شوتا قويۇپ،
كەلگىنىدە سېخىي كۆز، يۇرتۇمغا بەرىكەت ياغدۇرۇپ،
مول ھوسۇلدىن تاغ بىنا قىلماق قارارىم، چىللىساڭ.

مەشۇقۇم شۇنچە چىرايلىق، ئەل ئارا، جاھان ئارا،
ناخشىسىغا بۇلبۇل مەپتۇن، كۈي ئارا، داستان ئارا،
قۇدرەت كامالى شۇنچە چوڭ، ئاشىمىز داۋان ئارا،
كۆزدە تويىنىڭ نەغمىسىنى ياڭرىتىپ بوستان ئارا،
دىل قانار ۋەسلىڭگە خوپ، ئىشچان نىگارىم، چىللىساڭ.

2007 - يىل 4 - ئاي، قەشقەر

# ئۆگەي ئانام — ئۆز ئانام

ئۆگەي ئانام ئىلىخان
ئۆز ئانامدەك مېھرىبان.
تۈگىمەيدۇ تەرىپى،
ھەرنە ۋاقىت، ھەر زامان.

سەھەر قوپۇپ ھەركۈنى
ناشتىلىقنى راسلايدۇ؛
ساغلام بەدەن بولسۇن، دەپ،
پەپىلەيدۇ، ئاسرايدۇ.

ئادىتىدۇر تازىلىق،
بىلمەس ئارام ئېلىشنى.
ھويلا-ئارام چىنىدەك،
ئەسلىتىدۇ بېھىشنى.

ئاغرىپ قالساق ئەگەردە
بېشىمىزدا پەرۋانە؛
تۆكۈپ ئىللىق مېھرىنى،
بولار غەمخور — غەمخانە.

ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىپ،
ياخشىلىقنى سۆزلەيدۇ؛
ئىلھام بېرىپ ئوقۇشقا،
بەختىمىزنى كۆزلەيدۇ.

ئۆگەي ئانام — ئۆز ئانام،
بىزگە شۇنچە مېھرىبان.
ياخشى ئىشى، خىسلىتى
ئەل ئاغزىدا بىر داستان.

2007 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر

# ئانام ئىزدىن

كېسەللىكتىن ئۆلۈپ كەتتى
ئانام تۇيۇقسىز؛
ھىجران ئوتى سېلىپ ئۆتتى
يۈرەكلەرگە ئىز.

تەنھالىقتا قالدى دادام،
قاتتى بېشىمىز.
تۇرمۇشتا زەپ قىينالدۇق بىز،
ئىنىم ئىككىمىز.

كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندىمەن
تاماق ئېتىشنى.
ئاستا - ئاستا بىلىۋالدىم
تۇز — تەم تېتىشنى.

كىر-قاتلارنى يۇيۇپ تۇردۇم
ۋاقىت ئۆتكۈزمەي.
ئۆي ئىچىنى پاكىز تۇتتۇم
قىلچە ئېرىنمەي.

دادام مېنى ماختاپ تۇردى
ئاغزى بېسلماي.
دېدى ئىنىم: «ساغلام ئۆستۇم،
بوينۇم قىسلماي».

ئۆگىنىشتە بوشاشمىدىم،
ئەلاچى بولدۇم.
«ئۇچتە ياخشى» باھالىنىپ
شەرەپكە تولدۇم.

2007 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



# دېھقان ئەسلەيدۇ

(شائىر روزى سايىت ۋاپاتىنىڭ يەتتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

شائىر روزى ھايات، دەپ خەلقى ئاۋام ئەسلەيدۇ،
شۇ ئاۋام شۇ كۈن ئەمەس، مەڭگۇ — داۋام ئەسلەيدۇ.

كۈلكىمىزگە تەڭ كۈلگەن، دەردىمىزگە ھەمنەپەس،
كۆڭۈلدىكى كۈيچى، دەپ دېھقان ئاتام ئەسلەيدۇ.

بۇ ئەسلەش ئاددىي ئەمەس، بىل، خەلقىنىڭ ھۆرمىتى،
ئەلگە خىزمەت قىلسا كىم خەلقى تامام ئەسلەيدۇ.

تىنچ ياتقىن قەبرەڭدە شائىر يىگىت خۇرسىنماي،
جەننەتۇل مەئۋا تىلەپ شېئىرىي كالام ئەسلەيدۇ.

2007 - يىل 9 - ئاي، قەشقەر



# كۆنلۈك ئاستىدا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

يامغۇر ياغدى ھاۋا بۇزۇلۇپ،
ئەتراپ توشتى سەلگە — قىيانغا.
تەبىئەتنىڭ ھۆسنى باشقىچە،
ئامەت كەلدى پۈتكۈل جاھانغا.

لېكىن، يولدا مېڭىش بەك قىيىن،
يامغۇر ئۆتتى ئۇستۇۋېشىمغا.
شۇ چاغ بىر قىز كۆنلۈكنى ئېچىپ
يېقىن كەلدى مېنىڭ قېشىمغا.

ئىككى ۋۇجۇد كۆنلۈك ئاستىدا
ئۈن - تىنىشسىز راسا سىرداشتى.
مۇزلىغان تەن ئىللىقلىق سېزىپ،
چىرايلارغا كۈلكە ئولاشتى.

يۈرەك سوقتى قىنىغا پاتماي،
كۆنلۈك شۇدەم سىلكىنىپ كەتتى.
بىر ئېغىز گەپ بولمىغان بىلەن،
كۆڭۈل سىرى كۆڭۈلگە يەتتى.

تەڭرىدىن مەن تىلىدىم شۇنى:
توختىمىسا يامغۇر يېغىشتىن؛
چۈنكى، ئاشۇ كۆڭلۈك ئاستىدا
سۆيگۈ مېھرى ئۆتتى بېغىشتىن!

2007 ـ يىل 11 ـ ئاي، قەشقەر



# يېزىلمىغان مەرسىيە

مۇسىبەتنىڭ شۇم خەۋىرى كەلگەندە
بىلەلمىدىم نە قىلىشنى مەن ئۆزۈم.
ھېچقانداق بىر ھېسسىياتتا بولمىدىم،
ياشمۇ چىقماي، مىت قىلمىدى جۇپ كۆزۈم.

بىزدە ياخشى ئادەتلەر بار ئەزەلدىن،
ئۆلگۈچىنىڭ تەرىپىنى كۆپ قىلىش.
دۇرۇت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ داۋاملىق،
ئۇ دۇنيادا جەننەت ئۇچۇن يول ئېچىش.

لېكىن، بۇگۇن ھازىداردىن بىرەرسى
قىلالمىدى بىر ئېغىزمۇ ياخشى گەپ.
سانالمىدى خاسىيەتلىك ئىشىنى،
مەن بىلگەنتىم، مەن كۆرگەنتىم گۇۋاھ دەپ.

چۇنكى، مەرھۇم ئۆز ئۆمرىنى ھەمىشە
رىيا بىلەن، گۇناھ بىلەن ئۆتكۈزگەن؛
مەلئۇنلارغا ھەمدەم بولغان ھەر زامان،
چېقىمچىلىق مەكتىپىنى پۇتكۈزگەن.

شۇڭا زېمىن كۆتۈرەلمەي مەرھۇمنى،
نەچچە قېتىم دەھشەت بىلەن تەۋرىگەن؛
بېشارەتتىن تاپماي يەنە ھوشىنى،
مەرھۇم يەنە كونا يولدا سەكرىگەن.

شۇڭا بۈگۈن ئۈنى ئۆلدى دېگەندە
بىرمۇ ئادەم ئىچ ئاغرىتىپ يۈرمىگەن؛
ھەرەج تارتىپ ياتقىنىدا سەكراتتا
كېسىلىنى يوقلىمىغان، بىلمىگەن…

ئىسراپ قىلىپ قەغەز بىلەن قەلەمنى،
شۇڭا مەنمۇ يازالمىدىم مەرسىيە.
قانداق ياشاش ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم،
ئاشۇ ئۆلۈم بولدى ماڭا تەربىيە.

2007 ـ يىل 11 ـ ئاي، قەشقەر



# بىر پارىخورغا تېز سىزما

بار رىزقىڭنى يەپمۇ تۈگەتتىڭ،
يېشىڭ يەتتى چەكلەنگەن چەككە.
بىر يىل ئارتۇق تۇرساڭ تەختىڭدە،
شۇنچە زىيان بولىدۇ خەققە.

قورسىقىڭغا سىغمىدى هارام،
(ئاخىرىدا تېشىڭغا چىقتى).
يىغقان ئالتۇن-كۈمۈش خەزىنەڭ
قالپاق بولۇپ بېشىڭغا چىقتى.

سىنىڭ ئاشۇ تويماس نەپسىڭگە
دوزاخ ئوتى ئارا تۇرالماس.
ۋاقتى كەلسە ئۆزۈڭنىڭ گۆشى
ساڭا بىر ۋاق غىزا بولالماس.

2007 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر



# سۆيگۈنىڭ سىرى

دوستلاشتۇق، مۇڭداشتۇق شۇنچە ئۇزاق يىل،
ئاخىرى شېرىن ھېس ئالدى ئەسىرگە.
ئىككىمىز ئوخشاشلا تۇيماي قالدۇق،
مۇھەببەت ئىلاھى كىردى قەسىرگە.

قوللارنىڭ ئۇچىنى تۇتمىدۇق تېخى،
لېۋىمىز ئۇستىگە باسمىدۇق تامغا.
ئۇچراشساق مۇبادا قىلالمايمىز گەپ،
كۆنۈپمۇ قالدۇق بىز مۇشۇ ئەھۋالغا.

ئاي ئۆتەر، يىل ئۆتەر، كۆرۈشمەك قىيىن،
سېغىنىش ئوتلىرى بولىدۇ ۋولقان.
ۋۇجۇدتا ئاقىدۇ بىر ئوتلۇق سېزىم،
يۈرەكلەر قۇش بولۇپ ئۇچىدۇ ھامان.

ئارىدا تام - توسۇق، توسالغۇلار كۆپ،
ئىشقىمىز كۈچىيەر ھىجران ئوتىدا.
ئاجايىپ بىر ھالنى سەزدىم ۋە بىلدىم:
سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى پىنھانلىقىدا.

2007 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر



# يار مېھرى

بىر قاراپ، ئىككى قاراپ ماڭا تويماي بېقىشىڭ،
سۆيۈندۈردى، سۆيدۈردى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىشىڭ.

سەرۋى قامەت، ئۈز بەدەن، سۈزۈك چىراي ئەي نىگار،
بەردى لەززەت لەۋلىرىمدە پىستە-بادام چېقىشىڭ.

چىدىمىدىم ھىجرانغا مەن كۆرمىسەم كۈندە سېنى،
ئوت ئۈستىگە سەپتى ياغ دېرىزەمنى قېقىشىڭ.

بارچە ئىقلىمدا سېنىڭدەك ۋاپادار يار نەدە بار؟
مۇھەببەتنىڭ دەرياسىدا رابىئەدەك ئېقىشىڭ.

تەقدىرى قىسمەتتۇر بەلكىم بىر ساڭا ئۇچراشمىقىم،
بىر ئۆمۈرلۈك رىشتە باغلاپ، يۈرەككە ئوتنى يېقىشىڭ.

2007 ـ يىل 12 ـ ئاي، قەشقەر



# گۈلدەستىگە گۈلدەستە

(«قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 200 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا تەبرىكنامە)

«قەشقەر» ىم دۇنياغا كەلدىڭ گۈل - گۈلىستان ئىچىدە،
جەننەتۇل مەئۋا كەبى باغۇبوستان ئىچىدە.

يۇسۇپ، مەھمۇد ياشىغان شۇ ئەزىز تۇپراقتا سەن
بىر چىراغ ياقتىڭ ئاجايىپ شەمس - نۇرىستان ئىچىدە.

ھېكمەتكە باي خەلقىم سېنى قىلدى پەرۋىش كۆيۈنۈپ،
شۇ ۋەجىدىن چاچتىڭ پۇراق كەڭرى جاھان ئىچىدە.

باغرىڭدا سەن ئېچىلدۇردۇڭ سىر خىل، رەڭدار گۈللەرنى،
شۇ گۈللەردىن ئالدى ھۇزۇر تەشنائى جان ئىچىدە.

ئەتراپىڭدا زەپ سايراشتى خۇش ناۋاكەش بۇلبۇللار،
ئىجاد ئىشقى لاۋۇلدىغان ئاتەش گۈلخان ئىچىدە.

قەشقىرىمنىڭ داڭقىنى سەن تونۇت يەنە ئالەمگە،
ساڭا ئىمكان بەرقاراردۇر يېڭى دەۋران ئىچىدە.

ئىككى يۈز سانلىق تويۇڭغا تۈتتۇم بۈگۈن گۈلدەستە،
تىلەك تىلەپ زور ئۈمىدتە شەرھىي داستان ئىچىدە.

2007 - يىل 12 - ئاي، قەشقەر

# ئولىمپىك مەشئىلى ياندى قەشقەردە

ئولىمپىكنىڭ مەشئىلى ياندى مانا قەشقەردە،
خۇددى توزدەك ياساندى قەدىم يىپەك يوللىرى.
مەشئەلنىڭ نۇرى بىلەن ھەر تەرەپتە ئېچىلدى
ئىتتىپاقلىق-دوستلۇقنىڭ خۇش پۇراقلىق گۈللىرى.

مەشئەل كەلگەن شۇ كۈنى تۇمەنلىگەن ئادەملەر
كوچىلارغا، مەيدانغا جەم بولۇشتى، ئولاشتى.
خۇشاللىقنىڭ دولقۇنى يەتتى كۆككە - پەلەككە،
بىزنىڭ قەشقەر شۇ تاپتا دۇنيا بىلەن تۇتاشتى!

بۇ مەشئەل بىر ئوت ئەمەس،
ئۇ بىر قۇياش ئىلاھى.
ئىنسانىيەت قەلبىنى نۇر - زىياغا بۆلىگەن.
بۇ مەشئەل بىر ئوت ئەمەس،
ئىرادىنىڭ سىمۋولى،
تاغدىن يۇكسەك جاسارەت شۇنىڭ بىلەن ئۆرلىگەن.

شۇ مەشئەلنىڭ ئوتىدا كۆرەلمەسنىڭ كۆزلىرى —
چىقار چوقۇم كېرەكتىن (ئەما بولۇپ، كور بولۇپ)؛
شۇ مەشئەلنىڭ ئوتىدا ئىچى زەھەر پىتنىخور
ھەق جايىنى تاپىدۇ ئاغزىغا سېلىپ قۇلۇپ.

ئولىمپىكنىڭ مەشئىلى لاۋۇلدايدۇ، ئۆچمەيدۇ،
مەيلى دېڭىز ئاستىدا، جومولاڭمانىڭ تۆپىدە.
شۇنداق ئۇلۇغ خەلق بۇ، ھەرنە مۇشكۇل كومپەيكوم،
چىڭ تۇرغىنى چىڭ تۇرغان بەرگەن ۋەدە — گېپىدە.

مەشئەل ئوتى ئۆچمەيدۇ — ئولىمپىكنىڭ روھى ئۇ،
ئېشىپ بارار ئۇ بىلەن ئىرادىمىز-كۈچىمىز.
مەشئەل ئوتى بېيجىڭدە ئۇلغىيىدۇ تېخىمۇ،
غەلىبە-زەپەر كۆكىدە پەرۋاز قىلىپ ئۈچىمىز.

2008 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر





# سېنى نەدىن ئىزدەيمەن، سېنى كىمدىن سورايمەن؟

(ئىجتىھاتلىق قەلەم ساھىبى، ياش ئوبزورچى، مۇنەۋۋەر مۇخبىر ئېزىزجان توختىھاجىغا مەرسىيە)

سېنى نەدىن ئىزدەيمەن، سېنى كىمدىن سورايمەن؟
يەر-ئاسمانغا توۋلىدىم ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ.
باغلاردىن كەلدى سادا: «مۇخبىر يىگىت ھېلىلا
كەلگەندى بۇ ياققا، ئالدىراش خەۋەر يېزىپ».

سېنى نەدىن ئىزدەيمەن، سېنى كىمدىن سورايمەن؟
يەر-ئاسمانغا توۋلىدىم ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ.
تاغلاردىن كەلدى سادا: «مۇخبىر يىگىت ھېلىلا
كەتكەندى يايلاقتىن ئالدىراپ ئۇلاغ مىنىپ.»

سېنى نەدىن ئىزدەيمەن، سېنى كىمدىن سورايمەن؟
يەر-ئاسمانغا توۋلىدىم ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ.
زاۋۇتتىن كەلدى سادا: «مۇخبىر يىگىت ھېلىلا
تۇرغاندى بۇ يەردە ئىشچىلارغا قول بېرىپ».

سېنى نەدىن ئىزدەيمەن، سېنى كىمدىن سورايمەن؟
يەر-ئاسمانغا توۋلىدىم ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ.

ئاۋامدىن كەلدى سادا: «مۇخبىر يىگىت ھېلىلا
ئىگىلىگەن ئەھۋالنى ئۆيمۇئۆي بىر-بىر كىرىپ.»

كۆرگەنىدىم تۈنۈگۈن، كۆرەلمىگەچ مەن بۈگۈن،
يەر-ئاسمانغا توۋلىدىم ئىسمىڭنى زىكرى قىلىپ.
جەننەتتىن كەلدى سادا: «مۇخبىر يىگىت چارچاپتۇ،
ئورۇن بەردىم قوينۇمدىن، ياتىدۇ ئارام ئېلىپ.»

2008 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قەشقەر



# تاغ ئادىمى

تاغ ئادىمى تاغدا تۇغۇلغان،
تاغ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان؛
ئۆمرى ئۆتكەن قىردا - قىيادا،
كەچمىشلىرى خىسلەتكە تولغان.

ئۇ، شەھەرنى تۇتمايدۇ مەنزۇر،
تاغنى جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ؛
بىر تال تاشنى بەرمەيدۇ ياۋغا،
قۇيقا چىچى ئۆرە تۇرىدۇ.

تاغ خىسلىتى، تاغنىڭ مىجەزى
ئۇنىڭ تېنى — جىسمىغا كۆچكەن؛
رەڭگىرويى قىپقىزىل شەپەق،
كۈن ھۆسنىنى سىڭدۇرۇپ كەتكەن.

تاغ ئادىمى تاغدەك قامەتلىك،
تاغدەك مەزمۇت، بەرجەس — مۇستەھكەم؛
مۇشكۇللەردە قەددى پۈكۈلمەس،
بورانلاردا تۇرىدۇ بەردەم.

تاغ ئادىمى تاغنى سۆيىدۇ،
ئۆلۈپ كەتسە تاغدا ياتىدۇ.
ئارزۇلىغان جەننىتى ئاشۇ،
تاغدا ياتسا ئارام تاپىدۇ.

شۇڭلاشقىمۇ ھەرقانداق رەقىب
تەڭ كېلەلمەس، خوجا بولالماس؛
تاغقا بولغان كۆڭۈل رىشتىنى
مايىل قىلىپ، ئۈتۈپ ئالالماس.

تاغنى تاش دەپ سەل چاغلىماڭلار،
ۋاقتى كەلسە ۋەتەنگە قالقان.
تاغنىڭ خەلقى ھەممىدىن باتۇر،
ياۋنى قىلار يەر بىلەن يەكسان.

چۈنكى شۇ تاغ خەلقىنىڭ ھاياتى،
(كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكان).
چۈنكى شۇ تاغ خەلقىنىڭ سۇباتى،
تاغدەك قەيسەر بۇندا ھەر ئىنسان!

2008 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



# گۈل قەسىدىسى

مەن گۈل خۇمار ئادەم،
گۈلنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن.
گۈلدىن ھۇزۇرلىنىپ،
گۈلدىن لەززەت ئېلىپ،
ھايات پەيزىنى سۈرىمەن.

گۈلگە قاراپ - قاراپ تويمايمەن،
گۈلنى پۇراپ - پۇراپ قانمايمەن.
يېنىمدا گۈل بولسا ئەگەر،
بېغىمدا گۈل بولسا ئەگەر،
ئىشلەپ - ئىشلەپ ھارمايمەن.

مەنلا ئەمەس،
بىزدە ھەممىسى شۇنداق:
ئۆيىدە گۈل ئۆستۈرىدۇ؛
باغ قىلىپ،
گۈللۈك ياساپ،
چېكىسىگە گۈل قىستۇرىدۇ.

كىيىم تىكسە گۈل چېكىدۇ،
دوپپا تىكسە گۈل ئويىدۇ؛

قىزىغا ئىسىم تاللىسا،
رەيھانگۈل،
ئانارگۈل،
چىمەنگۈل...
دەپ گۈلنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ.

ئۆي بېزىسە
تام - تورۇسقا نەقىش چىقىرىپ،
گۈل ئالىدۇ؛
تېنى ئاجىزلاپ قالسا مۇبادا،
گۈلچاي ئىچىپ،
گۈلقەنت يەپ
ماغدۇر تاپىدۇ.

قىز - يىگىتلەر گۈل تۇتۇشۇپ
سۆيگۈسىنى،
مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ؛
چۈنكى ئۇلار ئاشۇ گۈلنى
كۆڭۈل رىشتى،
يۈرەك سوۋغىسى دەپ بىلىشىدۇ.

شائىرلار يازىدۇ گۈل دەپ،
بۇلبۇل سايرايدۇ گۈلنىڭ ئىشقىدا.
گۈلنى چەيلىگەن،
گۈلنى يانجىغان
نامەردلەرگە قىلىدۇ
جېنىنى پىدا.

ئاشۇ گۈلنىڭ ئۆمرى قىسقا بولسىمۇ،
لېكىن دىلنى دىلغا ئۇلايدۇ.

كۆڭۈللەرنى ئاۋۇندۇرۇپ،
قۇياش كەبى نۇر ياغدۇرۇپ،
خۇش ھىدى بىلەن،
زىبا ھۆسنى بىلەن
يۈرەكنى ياشارتىدۇ، تاۋلايدۇ.

* * *

مەنمۇ نەزم يازسام گۈل دەپ پۈتىمەن،
گۈل دەيمەن،
گۈل دەپ ئۆتىمەن؛
ھاياتىم،
ماماتىم
شۇ گۈلگە تالىق،
ئۇ دۇنياغىمۇ گۈل دەپ كېتىمەن.

ۋەسىيىتىم بار گۈل ھەققىدە،
ئاغرىپ قالسام
دىماغىمغا گۈل پۇرىتىڭلار؛
ئۆلۈپ كەتسەم
يۈزۈمگە گۈل يېپىڭلار؛
قەبرەمگە گۈل قويۇپ،
يوقلاڭلار، ياد ئېتىڭلار.

مەن گۈلنى كۆرۈپ ياتاي،
مەن گۈلنى پۇراپ ياتاي.
چۈنكى، گۈل—گۈزەللىك ئەلچىسى،
مەن شۇ گۈزەللىكنىڭ كۈيچىسى!

2008 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



# دوختۇر قىزغا

سىڭلىم دېسەم قانداش ئەمەس بىز،
لېكىن ماڭا شۇنچە مېھرىبان.
ئەزرائىلنى توستى نەچچە رەت،
تومۇرۇمدا شۇ قىز بەرگەن قان.

بۇ گۈزەلنى پەرىشتە دېسەم،
پەرىشتىنى كۆرۈپ باقمىدىم.
پەرىشتىمۇ بولماس زىيادە
ئاق خالاتلىق بۇ قىزدىن دېدىم.

ئەقلى ئۇنىڭ تولىمۇ ئۆتكۈر،
شىپا تاپار ھەرقانداق كېسەل.
ھېرىش - چارچاش ياتتۇر ئۇنىڭغا،
بىمار ئۈچۈن بېرىدۇ بەدەل.

قۇلاققا خۇش ئاڭلىنار ئەجەب،
سۆزلىرىگە شېكەر قوشقاندەك؛
قەدەملىرى شۇنچىلىك يەڭگىل،
گوياكى بىر قارلىغاچ ئۇچقاندەك.

ئۆز كەسپىگە بېرىلگەن چوڭقۇر،
دوكتور دېگەن ئاتاقتا تۇرماس.
دەيدۇ دائىم: «بىلىم — بىر دېڭىز،
يېرىم - يارتا سۇ قاپاقتا تۇرماس».

رەھمەت خېتى كېلىپ تۇرىدۇ،
ئەل - ئاۋامنىڭ ئالقىشى تولا.
دوختۇر دېگەن ھەرقانچە بولسا
مەن كۆرگەن شۇ دوختۇردەك بولا.

بۇ دۇنيادا قايغۇ-ھەسرەت كۆپ،
جان قايغۇسى ھەممىدىن يامان.
شۇ قىز كەبى پەرىشتىلەر بار،
نىمجان بىمار قالىدۇ ئامان.

يازغانلىرىم دېڭىزدىن تامچە،
ئىش ئىزىغا ئاجىزدۇر قەلەم.
قۇت تىلەيمەن، ئامەت تىلەيمەن،
گۈلگە تولسۇن ئۇ باسقان قەدەم.

2008 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر





# ئانا قەلبى

( چۆچەك )

يىراق دېسەك، بەك يىراق،
يېقىن دېگەن ياخشىراق؛
ئەل ئىچىدە يارالغان،
يۇرت - يۇرتلارغا تارالغان،
ھېكايەت بار — ھېكمەت بار،
ئاچچىق ساۋاق — ئىبرەت بار.
سۆزلەپ بېرەي مەن ئۇنى،
ئەستە تۇتۇڭ كۈن - تۈنى.

*  *  *

ئۇلار ئىدى ئۇچلا جان،
تۇرمۇشلىرى پاراۋان؛
ئوغۇل خوپ ئىشچانىدى،
ئەمگەكتە پىشقانىدى.
ھوسۇل ئوبدان بولاتتى،
ئامبار ئاشقا تولاتتى؛
بار ئىدى توخۇ، توشقان...
ھويلىغا زەپ ياراشقان.

ئانا سەكسەن ياش ئىدى،
ئوغلىغا قاياش ئىدى؛
دەس تۇرۇپ ماڭالمايتتى،
ئورنىدىن تۇرالمايتتى؛
ماغدۇرىدىن كەتكەنتى،
ئاڭا ھاردۇق يەتكەنتى؛
ئولتۇراتتى تور توقۇپ،
توختىماي دۇرۇت ئوقۇپ؛
تاماقنىمۇ ئاز يەيتتى،
كىيىم - كېچەك دېمەيتتى.
لېكىن، ئەقلى جايىدا،
چۆچەك ئېيتار گاھىدا؛
ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكتى —
ئىدى ئۆيىنىڭ بەرىكتى.
لېكىن، ئانا خۇرسىنىپ،
ئاھ ئۇراتتى تولغىنىپ:
«بالىلارغا يۈك بولدۇم،
رىزقىمنىمۇ يەپ بولدۇم،
ئامانەتنى بەرسەمتىم،
مەھشەرگاھقا كەتسەمتىم.»
ئاڭلاپ ئوغۇل بۇ گەپنى،
دىلغا سىلىپ ھەسرەتنى،
ھۇجرىغا كىرەر ئىدى،
تەسەللى بېرەر ئىدى.

* * *

كېلىن ئۆيگە قارايتتى،
(ئۇ، ئوغۇلغا يارايتتى).

ئۆي ئىشىمۇ كۆپ ئەمەس،
لېكىن كېلىن غەم يېمەس.
ئاش ۋاقتىدا پىشمايتتى،
ئۆيمۇ پاكىز تۇرمايتتى.
كۆڭلى - كۆكسى تار ئىدى،
ئەسكى خۇيى بار ئىدى.
«ھەسنىكام ئاچچىق ئىدى،
ئامۇتى تاتلىق ئىدى.»
ئوغۇلغا ئامراق ئىدى،
گەپ - سۆزدە چاقماق ئىدى.
لېكىن، ئانا ياقمايتتى،
ئاڭا كۇلۇپ باقمايتتى؛
دۆشكەلەيتتى ئاش بەرسە،
ھەتتاكى بىر تاش بەرسە؛
قىلچە رازى بولمايتتى،
مىننەت قىلىپ زارلايتتى:
«ئاش-نان يېدى يېتىپ ئۇ،
ئۆلۇكىنى سېتىپ ئۇ؛
شۇڭا باي بولالمىدۇق،
ئات - كالا ئالالمىدۇق.
قىلمىساق بىز بىر ئامال،
تاپمايمىز نۇسرەت - كامال...»
كۇندە شۇنداق ۋاتىلداپ،
مەدداھقا ئوخشاش كاسىلداپ؛
ئەر كۆڭلىگە شەك سالدى،
دىل رىشتىگە چەك سالدى.
لېكىن، ئوغۇل بىلەلمەي،
بىر قارارغا كېلەلمەي،
ئىككىلىنىپ تۇرغاندا،
ئاھۇ پەرياد ئۇرغاندا،

كېلىن دېدى پىلاننى،
(پىلان ئەمەس، يىلاننى):
«بىز دە ھەققى قالمىدى،
خۇدا جاننى ئالمىدى،
باقتۇق شۇنچە ئۇزاق يىل،
ئاناڭ تۇردى بەك دېدىل.
ئەمدى بولدى باقمايمىز،
قاچانغىچە ساقلايمىز؟!
بىزگە گۇناھ بولمايدۇ،
گۇناھقىمۇ توشمايدۇ.
(خالىمىدى ھاياتنى،
ئەسلەپ كۇندە ماماتنى).
سەيلە دېگەن نام بىلەن،
ئەقىل بىلەن، پەم بىلەن
ئېپبارايلى جاڭگالغا،
بارسا كەلمەس بىر جايغا...»
ئوغۇل قالدى ئويلىنىپ،
ئاچچىق يۇتۇپ، خۇيلىنىپ.
خوتۇنغا قىيالمايتتى،
گېپىنى يىرالمايتتى؛
يۇتتى ئاخىر ئانىنى،
بەلگە باغلاپ تانىنى.
جاڭگال تامان يول ئالدى،
خوتۇنى قاراپ قالدى.

* * *

ئۇندىمىدى ئانىسى،
گەپ قىلمىدى بالىسى.

لىكىن، ھەركىم كۆڭلىدە،
ئىشنى بىلدى قەلبىدە؛
ماڭدى ئوغۇل ھەمىدەپ،
ئانىسىنى پەپىلەپ.
ئانا قىلچە بىلدۈرمەي،
ئوغلىغىمۇ سەزدۈرمەي،
يانچۇقنى ئىچىپ ماڭدى،
گازىرنى چىچىپ ماڭدى...
قۇياش نۇرى ئۆچكەندە،
ئانا يەرگە چۈشكەندە،
سوئال قويدى بالىسى،
جاۋاب قىلدى ئانىسى:
«جىنىم بالام، ئەزىزسەن،
شىكەردىنمۇ لەزىزسەن.
نىمە قىلساڭ رازىمەن،
چۆلدە قالغان غازىمەن.
كىتەلمەيمەن جاڭگالدىن،
قىر-قىيادىن، داڭگالدىن.
سەن كەتمىسەڭ بولمايدۇ،
ئۆي تۈتمىساڭ بولمايدۇ.
يول بەك ئۇزۇن، يىراقكەن،
ئازغان-تىكەن، قىياقكەن.
توغرا بولدى سوئالىڭ،
بار بولسۇن دەپ ئامالىڭ،
ئازمىسۇن دەپ سىنى مەن،
بەلگە سالدىم خىلى مەن.
يولغا گازىر — دان چاچتىم،
خاتىرجەم داۋان ئاشتىم.
ئۆيگە ئازماي كەتكەيسەن،
ئۆز ۋاقتىدا يەتكەيسەن.»

ئاڭلاپ ئانا سۆزىنى،
يۇمىلماستىن كۆزىنى،
گەپ كەلمىدى تىلىغا،
جان تاقاشتى گېلىغا،
«ئانا!» دېدى يىقىلدى،
كۆكتە چاقماق چېقىلدى.
ئېتەك تولدى يېشىغا،
پۇشمان قىلىپ ئىشىغا؛
ئانىنى چىڭ قۇچاقلاپ،
قايتتى ئۆيگە ھاپاشلاپ...
ئۆيگە يېتىپ كەلدى ئۇ،
خوتۇنىغا تەگدى ئۇ،
مېھىر بەردى ئانىغا،
ئوخشاپ راستىن بالىغا.

* * *

ئانا مېھرى بىر دەريا،
مەۋج ئۇرىدۇ ئۆركىشى.
ئانا قەلبى بىر دېڭىز،
يوقتۇر ئۇنىڭ تەگدىشى.

2007 ـ يىل 5 ـ ئاي، قەشقەر



# بىر تەمسىلنىڭ بايانى

(چوٚچەك)

بوٗروٗنلاردىن بوٗروٗندا،
خىلۋەت يېزا - ئوروٗندا،
بىر بوۋاي بولغانىكەن،
كوٗچىگە تولغانىكەن،
كالا - قوي باقار ئىكەن،
سوٗت - قايماق ساتار ئىكەن.
بوۋاي يىغىپ دەرەمنى،
ئارزوٗ قىلىپ ھەرەمنى،
نوٗرغوٗن تىللا يىغىپتوٗ،
بەيتوٗللاغا مېڭىپتوٗ.
بوۋاي چىققان كېمىدە،
پوٗل تېپىشنىڭ غېمىدە
يوٗرگەن مايموٗن بار ئىكەن،
ئاڭا ئەقىل يار ئىكەن.
ئىشلىتىپ ئوٗ ئوٗستىلىق،
قىلىپ بەكموٗ پوٗختىلىق،
ئىشقا سېلىپ قولىنى،
ئاپتوٗ بوۋاي پوٗلىنى.
بوۋاي زار-زار يىغلاپتوٗ،
يوٗز-كوٚزىنى مورلاپتوٗ.

بوۋاي كېلىپ غەيرەتكە،
تولۇپ چەكسىز نەپرەتكە،
كېمىچىگە دېۋەيلەپ،
پاكىت سۆزلەپ، ئەزۋەيلەپ:
«پۇلنى دەرھال تاپ!» دەپتۇ،
«ئەيىبىڭنى ياپ!» دەپتۇ.
«مايمۇن سېنىڭ، پۇل مېنىڭ،
ئۇلۇغ سەپەر، يول مېنىڭ.
پۇلنى تەييار قىلمىساڭ،
ئاقىلانە بولمىساڭ،
تەڭ ئۆلىمىز ئىككىمىز،
لەھەڭگە يەم بولىمىز.»
قورقۇپ شۇ چاغ كېمىچى،
قولغا ئېلىپ ئارغامچى،
مايمۇنغا ئىما قىپتۇ،
تىللانى سېيما قىپتۇ.
مايمۇن ئۇقۇپ مەقسەتنى،
تۇتۇپ دەرھال پۇرسەتنى،
چىقىۋاپتۇ ماچتىغا،
پۇلنى ئېلىپ تاختىغا.
مايمۇن باشنى قاشلاپتۇ،
پۇلنى پەسكە تاشلاپتۇ:
بىر تىللانى ئېتەككە،
بىرنى سۇغا — كۆلچەككە
تاشلىغانكەن مايمۇنچاق،
پۇل توگەپتۇ ساقمۇساق.
لېكىن، پۇلنىڭ يېرىمى،
بوۋاي ئەجرى — كىرىمى
سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ،
بوۋاي ئويغا پېتىپتۇ:

بوۋاي سۈتنى ساتقاندا،
تەڭمۇتەك سۇ قاتقاندا،
ئويلىمىغان قىلمىشنى،
ئاخىردا لەت بولمىشنى.

*　　*　　*

«سۈنىڭ پۇلى سۇغادۇر،
قالدى قېتىق بەش پۇلى».
شۇندىن قالغان بۇ تەمسىل،
ئۇنتۇمايلى بىز ئۇنى.

2007 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



# كۆي چشملری



# يەڭدۇق ئىغىر ئاپەتنى

(راۋاب قوشىقى)

1

يەر تەۋرىدى بارچۇقتا،
پەيزاۋات — غولتوغراقتا.
ئون مىڭلىغان پۇقرالار
قالدى قىيىن ئەھۋالدا.

ئىككى يۈز ئاتمىش قېرىنداش
بىئەجەل ئۆلۈپ كەتتى.
تۆت مىڭ ئادەم يارىدار،
ھاياتىغا خەۋپ يەتتى.

ۋەيران بولدى ئۆي - جايلار
قىش — زىمىستان ۋاقتىدا.
ئاش - ئوزۇق، كىگىز - كىچەك
قالدى يەرنىڭ ئاستىدا.

يىغا - زارە، داد - پەرياد
يۇرت ئىچىنى بىر ئالدى.

ئېچىنىشلىق مەنزىرە
يۈرەكلەرگە ئىز سالدى.

## 2

دەرھال جەڭگە ئاتلاندى
شۇجى باشلىق كادىرلار.
قۇتۇلدۇردى ئاممىنى
ھەممە ئىشقا قادىرلار.

تېلېفون بەردى ھال سوراپ
خۇ جىنتاۋ ھەم جياڭ زېمىن.
غەمخورلۇقتىن سۆيۈنۈپ،
كۆڭۈللەر تاپتى ئەمىن.

ھال سوراش ئۆمەكلىرى
كېلىپ تۇردى بەس - بەستە.
ۋاڭ شۇجى[1] ۋە ئى جۇشى[2]
ئۇچۇپ كەلدى بىر پەستە.

مېھمان كەلدى بېيجىڭدىن،
ۋەكىل بولۇپ مەركەزگە.
مىليونلىغان نەق پۇلنى
ئوراپ قىزىل قەغەزگە.

يۇچۇەن[3] دېگەن باشلىق بار
كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە.

① ۋاڭ شۇجى — ۋاڭ لېچۇەن.
② ئى جۇشى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدى.
③ يۇ چۇەن — گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، مەركەز ھال سوراش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى.

سۇڭ جۇجاڭ[1] ھەم ياڭ بۇجاڭ[2]
كەلدى يېرىم كېچىدە.

خۇ شۇجى[3] كېلىپ كەتتى
ۋاڭ جۇشى[4] نىڭ كەينىدىن.
پارتىيىنىڭ مېھرىنى
يەتكۈزۈپ چىن قەلبىدىن.

كەلدى يەنە ۋېن[5] زۇڭلى،
جاپا چېكىپ، يول يۈرۈپ.
ھالئەھۋال سورىدى،
خەلق كۆڭلىنى تىندۇرۇپ.

دېدى داۋۇت ھاشىمغا[6]:
«تۇغقىنىڭىز كۆپ سىزنىڭ.
ئۇنىڭ بىرسى بېيجىڭدە،
پاناھىڭىز مەن سىزنىڭ.»

بۇ چاغدا داۋۇت ھاشىم
كۆزلىرىگە ياش ئالدى.
زۇڭلى كېتىپ كۆپ ئۆتمەي
رەھمەت ئېيتىپ خەت يازدى.

---

① سۇڭ جۇجاڭ — دۆلەت يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ رۇيشياڭ.
② ياڭ بۇجاڭ — خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ياڭ يەنبىڭ.
③ خۇ شۇجى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خۇ جيايەن.
④ ۋاڭ جۇشى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جىنشياڭ.
⑤ ۋېن زۇڭلى — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋېن جياباۋ.
⑥ داۋۇت ھاشىم — مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزا توگمەنبېشى كەنتىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى.

خالىس قوللار سۇنۇلدى،
ياردەم كەلدى لەببالەب.
مىللىي دوستلۇق گۇللىرى
ھەر تەرەپتە چېچەكلەپ.

سەپ ئالدىدا ئارمىيە،
ئىشلىتىپ دىت - پەمىنى؛
قۇتقۇزدى پۇقرالارنى،
مال - مۇلكىنى، ھەممىنى.

دوختۇرلار كۆز يۇممىدى
كېسەللەرنى داۋالاپ.
بەس - بەس بىلەن قان بەردى
قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ.

كۆپلەپ كۆمۇر ئەۋەتتى
كۇچا بىلەن ئاقسۇمۇ.
قوشنىلىقنى يەتكۇزدى
دەل ۋاقتىدا ئاتۇشمۇ.

خوتەن قاراپ تۇرمىدى،
كورلا، غۇلجا، ئالتايمۇ.
ياردەم كەلدى قۇمۇلدىن،
ئاق قالمىدى بىر جايمۇ.

ئەللىك سائەت ئىچىدە
چېدىر كەلدى ۋۇخەندىن؛
خېبىي، جياڭسۇ، گەنسۇلۇق
قېلىشمىدى شىنجاڭدىن...

ماشىنىلار رەتمۇرەت
ئۈرۈمچىدىن كەلگەندە؛
رىزۋان ئەبەي[1] ، گۈلجاھان[2]
خەلققە سالام بەرگەندە؛

يارىدارلار، ئىمجانلار
يېڭى كىيىم كىيگەندە؛
يۇڭ ئەدىيالغا ئورىنىپ،
ئىسسىق تاماق يېگەندە؛

ھاياجاندا ھەممەيلەن
ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى.
«كومپارتىيە ياخشى» دەپ
قوشاقلار توقۇپ كەتتى.

3

ئۇزاق ئۆتمەي ھەر ياندا
تۇرمۇش كەلدى ئەسلىگە.
يارىدارلار ساقايدى،
يەتتى ئارزۇ - ۋەسلىگە.

دوختۇرخانا، مەكتەپلەر
ئۆز ئىشىنى باشلىدى.
غەيرەت بىلەن بارچە خەلق
يېڭى قەدەم تاشلىدى.

---

① رىزۋان ئەبەي — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى.
② گۈلجاھان — ئۈرۈمچى شەھەرلىك خۇاماۋ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى، خوسۇسىي كارخانىچى.

چوڭ ئىرادە تىكلەندى

يۇرتنى قايتا گۈللەشكە.

يېڭىپ ئاپەت ـ مۈشكۈلنى،

غەلىبىسىرى ئۆرلەشكە.

2003 ـ يىل 2 ـ ئاي، قەشقەر





# باھار كۈيى

باھار كەلدى — نۇر كەلدى،
ئالتۇن كەلدى — دۇر كەلدى.
تولدى ھەرياق شادلىققا،
نورۇز كۈيى جور كەلدى.

نەقرات:
باھار كەلدى — نۇر كەلدى،
ئالتۇن كەلدى — دۇر كەلدى.

پۇراق چاچتى باغلاردا
ياڭرا - ياڭرا چېچەكلەر.
يېڭى يىلنىڭ پەيزىدە
خۇشال سوقتى يۈرەكلەر.

سۇلار ئاقتى ئېرىقتا،
دېھقان چىقتى ئېتىزغا.
ئۇرۇق چاچتى — دان چاچتى
كەڭ دالاغا — دېڭىزغا.

باھار كەلدى چىرايلىق،
ھاياتىمىز گۈل بىزنىڭ.

ئەمگەك ئەجرىمىز ئالتۇن،
ھوسۇلىمىز مول بىزنىڭ.

نەقرات:

باھار كەلدى — نۇر كەلدى،
زەپەر كۈيى جور كەلدى.

2003 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر



# باھار كەلسە

ھايات ياشنايدۇ، گۈللەيدۇ يۇرتۇمغا باھار كەلسە،
خۇشاللىق ئەۋجى ئۆرلەيدۇ يۇرتۇمغا باھار كەلسە.

ئېرىقتا ئاقار سۇلار بوستانلارغا ئالدىراپ،
نەغمىچى قۇشلار كۈيلەيدۇ يۇرتۇمغا باھار كەلسە.

ئېتىزدا ئەمگەك قاينايدۇ مول ھوسۇل جېكى بىلەن،
قويلار قوشلاپ تۆللەيدۇ يۇرتۇمغا باھار كەلسە.

باھار ئەيىامى ئىشقىدا يۈرەكلەردە يېنىپ گۈلخان،
نورۇز سالامى يوللايدۇ يۇرتۇمغا باھار كەلسە.

2003 ـ يىل 3 ـ ئاي، قەشقەر



# مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ

خەق يارىنى داڭلايدۇ،
مېنىڭ يارىمغا يەتمەيدۇ.
ھەممە قايىل ئۇنىڭغا،
ماختاشقا گەپ كەتمەيدۇ.

لاتاپەتتە يەكدانە،
كۆزى ئوخشار بۇلاققا.
گەپ - سۆزى ئەجەب شېرىن،
خۇش ئاڭلىنار قۇلاققا.

ئۆيدە ئىشچان ئانا ئۇ،
ئىدارىدا مۇنەۋۋەر.
خەلقنىڭ چاكار قىزى ئۇ،
كۆڭلىدىكى بىر رەھبەر.

شۇنداق ئايال يار بولسا
ياشنىمامدۇ ھاياتلىق؟!
قاپلىمامدۇ ئۆي - جاينى
باياشاتلىق - ئاۋاتلىق.

نەقرات:

يارىمغا يار يەتمەيدۇ،

ماختاشقا گەپ كەتمەيدۇ.

2004 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، قەشقەر





# نېرى كەت

تۇتما ئەمدى قولۇمنى،
نېرى كەتكىن، نېرى كەت.
توسما ئەمدى يولۇمنى،
نېرى كەتكىن، نېرى كەت.

ھەر قەدەمدە ھىجايساڭ،
دوپپامغا جىگدە سالساڭ،
يالغان سۆزلەپ داڭ ئالساڭ،
بىلمەپتىمەن خۇدۇمنى.

دەسلىپىدە ۋاي، دېدىڭ،
ئاسماندىكى ئاي، دېدىڭ،
ئاخىرىدا لاي، دېدىڭ،
قايتۇرۇپ بەر گۈلۈمنى.

ھازىر بىلدىم ئىشىڭنى،
تۆكمە يالغان يېشىڭنى،
ئويناتما ھەم قېشىڭنى،
تاپتىم ئوڭۇم - سولۇمنى.

نەقرات:

تۇتما ئەمدى قولۇمنى،
توسما ئەمدى يولۇمنى.

2004 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر





# يار-يار

ئويمۇ كۆپ، قايغۇمۇ كۆپ،
ئويلاۋەرسەڭ، يار - يار.
ئويمۇ يوق، قايغۇمۇ يوق،
ئويناۋەرسەڭ، يار - يار[1].

ئىشچانلىقىڭ ۋەجىدىن،
جاپا بەربات، يار - يار.
قان - تەرىڭدىن، ئەجرىڭدىن
چۆللەر ئاۋات، يار - يار.

ئېگىز - ئېگىز خامانلار،
سېنىڭ بىلسەم، يار - يار.
قالماس ئىدى ئارمانلار
سېنى سۆيسەم، يارى - يار.

نەقرات:
سۆيگىنىمسەن، يار - يار،
كۆيگىنىمسەن، يار - يار.

2005 - يىل 2 - ئاي، قەشقەر

---

① بۇ كۆپلېت خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان.



# مۇھەببەتمۇ كۆكلەيدۇ

باھار كەلدى ئامرىقىم،
سېغىنىدىڭمۇ بىلمىدىم.
بىز ئۇچراشقان باغچىدا،
سېنى ئەسلەپ يىغلىدىم.

نوتا ئۆسۈپ تال بوپتۇ،
كاككۇك قونغان چېغى بار.
ئەمدى سۆيگۈ ئەھلىنىڭ
ئارامگاھى، بېغى بار.

باھار كەلسە گۈل - گىياھ
بىخ سۈرۈپ چېچەكلەيدۇ.
باھار كەلسە ئامرىقىم
مۇھەببەتمۇ كۆكلەيدۇ.

2005 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر



## باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟

باغدا گۈللەر ئېچىلدى،
باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟
نۇرغا نۇرلار قېتىلدى،
باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟

ئەگىز ئاقتى لەبىالەب،
قۇشلار كەلدى ئەركىلەپ،
باغ - ۋاراننى پەتىلەپ
باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟

باھار كىردى ئۆيلەرگە،
شادلىق تولۇپ كۆيلەرگە،
مەزمۇن بېرىپ تويلەرگە،
باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟

مەن باھارنى سۆيىمەن،
باھار دەپلا يۈرىمەن.
ئىشق ئوتىدا كۆيىمەن،
باھار كەلدى، كۆردۈڭمۇ؟

2006- يىل 3 - ئاي، قەشقەر



# باھار شادلىقى

(دولان مۇقامى — خودەك باياۋان ئاھاڭىغا تېكىست)

## مۇقەددىمە

كىيدى ۋەتەن يېشىل تون،
غۇنچە بولدى، گۈل بولدى.
بەختى كۈلگەن خەلقىمىز
نىجات تاپتى، ھۆر بولدى.

## چېكىتمە

كاككۇكلار كىلىپ قوندى
ئېگىز تېرەككە.
باھار ئىشقى كۈچ بەردى
بىزنىڭ يۈرەككە.

دوستلار بىلەن ئوينايلى
شادلىققا چۆمۈپ.
گۈل باھارنىڭ — نورۇزنىڭ
پەيزىنى سۈرۈپ.

## سەنەم

### 1 ـ ئاھاڭ

يۇرتىمىز گۈل ـ گۈلىستان،
مىسلى جەننەت، بىر بوستان.
يۇرتىمىزنى مەدھىيىلەپ
ئوقۇيمىز غەزەل ـ داستان.

نەقرات:
يۇرتىمىز گۈزەل،
ئوقۇيمىز غەزەل.

بۇلبۇل تەشنا گۈللەرگە،
بىلىق دەريا-كۆللەرگە.
راسا ئىشلەپ، تەر تۆكۈپ،
ھايات بەردۇق چۆللەرگە.

## سەنقەس

### 1 ـ ئاھاڭ

مەيلىم مېنىڭ ئىشچانغا،
ئىش قويندا پىشقانغا.
ئىلغارلىقنىڭ گۈلىنى
چېكىسىگە قىسقانغا.

نەقرات:
ھەي شېرىنجان،
ھەي ئالتۇنجان.

يارىمنىڭ ئۆيى باشتا،
بىللە ماڭىمىز قاشتا.
يارىم بىلەن ئىككىمىز
گۈل ئۆستۈردۇق قۇم - تاشتا.

نەقرات:
هەي شىرىنجان،
هەي ئالتۇنجان.

## سىرىلما

### 1 - ئاهاڭ

زوقۇڭ بولسا ئەمگەككە،
يارىم دەيمەن، چىللايمەن.
ئالسام كۆزدە مول هوسۇل،
ئاندىن ساڭا يارايمەن.

نەقرات:
هەي شىرىنجان،
هەي ئالتۇنجان.

### خاتىمە

بارچە مىللەت ئۆم بولۇپ
يول سالىمىز كېلەچەككە.
يۇرتىمىزنى ئورايمىز
قىزىلگۈلگە — چېچەككە.

2006- يىل 3 - ئاي، قەشقەر



# دېھقان قىزى ئاينۇرخان

(راۋاب قوشىقى)

ئامەت ياغدى، قۇت ياغدى
ئاددىي دېھقان قىزىغا.
باشلىق بولدى ئاينۇرخان
بىزنىڭ مۇشۇ يېزىغا.

دەسلېپىدە ئاينۇرخان
ئازاد قىلدى مېڭىنى.
ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ،
قوبۇل قىلدى يېڭىنى.

كەڭ ئاممىنى باشلىدى
تېز پۇرسەتتە بېيىشقا.
ئەمگەك قىلىپ تەر تۆكۈپ،
مول ھوسۇلنى ئېلىشقا.

ئامبارلارنى تولدۇردى
بۇغداي، قوناق، ئاشلىققا.
كۆز يەتكۈسىز باغ قىلدى
كۆچەت تىكىپ تاشلىققا.

ئايرىلمىدى ئامىدىن،
ئەمگەك قىلدى بىرلىكتە.
ياز ۋاقتىدا خاماندا،
كۈزدە بار كېۋەزلىكتە.

قىزى يوقنىڭ قىزى ئۇ،
مومايلارغا غەمگۈزار.
ئاجىزلارغا پاشپاناھ،
كۆڭلى ئۇنىڭ بىر باھار.

راست ئىشلىدى، سۆزلىدى،
ھەرگىزمۇ لاپ ئاتمىدى.
كەمتەرلىكنى دوست تۇتتى،
يالغان گەپنى قاتمىدى.

قىياپىتى ئۆزگەردى
قالاق، نامرات يېزىنىڭ.
يۇزىدە نۇر پارلىدى
دېھقان ئوغۇل - قىزىنىڭ.

ھەممە يەرگە داڭ كەتتى
ئاينۇرخاننىڭ خىزمىتى.
ئاشا سەلدەك ئۆرلىدى
ئەلنىڭ ھۆرمەت، ئىززىتى.

رادىئودا سۆزلەندى،
تېلېۋىزوردا سۇرىتى.
لېكىن، بىزنىڭ ئاينورخان
ئۆزگەرمىدى (شۇ پېتى).

يېڭى جەڭگە ئاتلاندى
ئىرادىلىك ئاينۇرخان.
قۇچۇش ئۈچۈن يەنىمۇ
زەپەر — غەلىبە، شەرەپشان.

2006 - يىل 3 - ئاي، قەشقەر

# كۈتۈش

ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى
كۆرەلمىدىم سىېنى مەن.
مىجەزىڭنى — خۇلقىڭنى
بىلەلمىدىم، سىېنى مەن.

يا بىر ئېغىز گېپىڭ يوق،
ئىككى ئېلىك خېتىڭ يوق.
ۋاپادارسەن، ۋەلېكىن
ئەقلىڭ بارۇ، دىتىڭ يوق.

ئۇيقۇدىن تەرك - بىدارمەن،
ھەمدۇسانا ئېيتارمەن.
يەتسەم دەيمەن ۋىسالغا،
كۆرسەم، قانسام دىدارمەن.

كەلگىن دەرھال قېشىمغا،
قۇت ياغدۇرۇپ بېشىمغا.
ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن،
دىل ئازارى — يېشىمغا.

نەقرات:

مەن زارىقىپ كۈتەيمۇ؟
ئىشق ئوتۇڭدا ئۆلەيمۇ؟

2008 - يىل 1 - ئاي، قەشقەر

# رۇبائىيلار

ئارامغا چۈشتىڭىز، قايتتىڭىز ئۆيگە،
دۇتارنى چالدىڭىز شادىمان كۈيگە.
تەختتە تۇرغاندا بولغاچقا ئادىل،
پۇقرالار يەنىلا باشلىدى تۆرگە.

*    *    *

ئارامغا چۈشۈپلا يىغلىدى بىركىم،
قايسىبىر رەھبەرنى تىللىدى بىركىم.
ھوقۇقتا مەستانە بولۇپ ئۆتكەچكە،
ئۆزىگە ئۆلۈمنى چىللىدى بىركىم.

*    *    *

يېشى توشۇپ چۈشتى ۋالىي ئارامغا،
نائىل بولدى تۇشمۇتۇشتىن سالامغا.
چۈنكى ۋالىي كۆمىچىگە چوغ تارتماي،
ياخشى ئىشنى كۆپ قىلغانتى ئاۋامغا.

*    *    *

ياشانغان چاغدا ياشاردى كۆڭۈل،
ھايات زوقىدىن شادلاندى كۆڭۈل؛
ياشانغىنىغا تەن بەرمەي ھەرگىز،
يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى كۆڭۈل.

*　　　*　　　*

ياشانساڭ بىلىسەن ياشلىق قەدرىنى،
باغمۇباغ ئوينىغان شاشلىق قەدرىنى.
ئاچلىقتىن ئېچىرقاپ ماغدۇر كەتكەندە،
ئاندىن بىلگەندەك ئاشلىق قەدرىنى.

*　　　*　　　*

ھۆرمىتىم كۆپ مويسىپىتكە، قېرىغا،
ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر پىرىغا.
ئويلىغىنا، ئۆتەلەمدۇق راۋۇرۇس،
ئاتمىش ياشتىن ھالقىپ يەنە نېرىغا؟!

*　　　*　　　*

ئاش ئۇسۇسام بىر تال چۈشىن ئېشىمغا چىقتى،
چۇچۇتمىگەن ياغنى يېسەم بېشىمغا چىقتى.
باشقىلارنى دوراپ ئازراق ھارامنى يېسەم،
ئىچ باغرىمنى ئۆرتەپ شۇئان تېشىمغا چىقتى.

*　　　*　　　*

دوست دېگەن مەدەتكار، يار - يۆلەك بولسا،
بىر نىيەت، بىر مەقسەت، بىر تىلەك بولسا؛
سۇ دېسە ئۇنىڭغا بېرىدۇ شەربەت،
ھەتتاكى زۆرۈرى جان كېرەك بولسا.

*　　　*　　　*

دوست بولساڭ، دوستۇڭنى تەڭمۇتەڭ كۆرگىن،
سۈيىدە ئاققىن ھەم ئوتىدا كۆيگىن.
ئەيىبىنى ئالدىدا دېسەڭ دۇرۇستۇر،
ۋەلېكىن غەيۋەتتىن بەك يىراق يۈرگىن.

*　*　*

قويۇپ بەرسەم شوتىنى چىقىۋالدىڭ دولامغا،
پۇتلاش بولدۇڭ ئەجەبمۇ مېڭىۋاتقان يولۇمغا.
مەيلى بوپتۇ، ئەجەبمۇ تۈزكور نېمە ئىكەنسەن،
يارىمىدىڭ ئەقەللىي بىر ئىلىكچە سالامغا.

*　*　*

دەريا سۈيى ئازقالغاندا شارقىراپ دەمبەس،
نېنى كىچىك ناۋاي ئۇستام ۋارقىراپ بەرجەس.
بوتۇلكىغا لىق سۇ ئالساڭ تۇرىدۇ جىمجىت،
ئەگەرچەندە يېرىم قالسا جىم تۇرماس بىر پەس.

*　*　*

ئىنسان تولغاندۇر سېھرىي ھېكمەتكە،
ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەت، مېھىر - شەپقەتكە.
ۋەلېكىن بەزىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە،
تەڭ ئەمەس خەس، ھەتتا قىلچە قىممەتكە.

*　*　*

ئىنسان زەپ كۈچتۈڭگۈر، تېپىلماس تەڭداش،
نى مۈشكۈل، خەتەرگە بېرىدۇ بەرداش.

ئىنسان بەك ئاجىزدۇر، لەھەتكە يوللار
ئانچىكىم ھادىسە، زەررە زىيانداش.

* * *

كۆلكىگە كۆلكە يار مەنىسى بولسا،
يا غەزەپ، يا خۇشلۇق مۇددىئاسى بولسا؛
ئۆمۈر ئۇزىرىدۇ شادلىق ۋەجىدىن،
شۇ كۆلكە ھېكمەتنىڭ ناۋاسى بولسا.

* * *

ساختىلىقتا بېرىپ قالدىڭ چېكىگە،
دەرسمۇ ئۆتتۈڭ شەيتان بىلەن تۈلكىگە.
ئەسلىي ۋەسلىڭ شۇنداق تۇرسا، ھەيرانمەن،
نېمەئانچە زورۇقىسەن كۆلكىگە.

* * *

خۇشلۇقۇم تاشقاندا كۆلۈپ كېتىمەن،
بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كېتىمەن.
دۇنيانىڭ شادلىقى، تاتلىقى كۆلكە،
شۇ سەۋەب ھاياتنى سۆيۈپ ئۆتىمەن.

* * *

كۆڭلۈم قالدى مەززىسى يوق كۆلكىدىن،
مەنىسىنى سوراپ قالدىم تۈلكىدىن.
ئۇ دېدىكى: «كۆلۈمسىرەش ئارقىلىق
قوزىچاقنى ئايرىيمەن تەن مۇلكىدىن».

يەنە دېدى: «شۇ ھۇنەرنى ئىشلىتىپ
قوتۇلىمەن ئوۋچىلارنىڭ ئىلكىدىن.»

* * *

پۇل يوق چاغدا ياۋاش بولدۇڭ،
مىسكىنلەرگە قاياش بولدۇڭ.
پۇلمۇ تاپتىڭ، لېكىن ئەمدى
شاياتۇنغا ئاداش بولدۇڭ.

* * *

ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدۇ كالۋا،
نىجاسەت بىلىنەر ئۇنىڭغا ھالۋا.
تۇزكورلۇق ۋەجىدىن دىلى قاراڭغۇ،
ئادەممۇ - ئەمەسمۇ؟ بۇ بىر مۇئەمما.

* * *

بۇ ئۆمۈر شاھقىمۇ، مالايغا ئوخشاش،
ۋەياكى بايغىمۇ، گادايغا ئوخشاش.
سالامەت بولساڭ گەر بەختىڭ شۇ سېنىڭ،
ياشايسەن قۇياشقا يا ئايغا ئوخشاش.

* * *

زىيانكەشلىك قىلىپ باقتىڭ ئۆزۈڭچە،
ئاقىۋەتنى كۆردۈڭ مانا كۆزۈڭچە.
ئۆزۈڭ چۈشتۈڭ ئۆزۈڭ قازغان ئورىغا،
پۈتتا ئەمەس، تاز كاللاڭچە، يۈزۈڭچە.

* * *

دوستلارنىڭ ئىچىدە ساۋاقداش ياخشى،
خورەكنى تەڭ تارتقان ياتاقداش ياخشى.
بىر ناننى تالىشىپ، تارتىشىپ يېگەن،
مەڭگۈلۈك ئاشىنا، دوست - ئاداش ياخشى.

* * *

يۇمشاق ياتسا سۆڭەك ئۆسىدۇ،
هارام يېسە هامان قۇسىدۇ.
ئەلگە باقماي، ئەلنى يونىغان
زاۋال تېپىپ، تەختتىن چۈشىدۇ.

* * *

هايات چاغدا ئوبدان باققىن ئاناڭنى،
غەمگۇزارىڭ، باشپاناهىڭ — ئاناڭنى.
ئۇ ئۆلگەندە پۇشايمانغا قاچا يوق،
هېس قىلىسەن سەۋەنلىكىڭ — چالاڭنى.

* * *

پور تېرەكنى كەسلىگەنگە ئوتۇن بولماس،
ئالا كۆڭۈل قىرىق يىلدىمۇ خوتۇن بولماس.
يىڭنە بىلەن سورۇۋەرسە تالا - تۇزگە،
ئۆمۈر بويى پارچە نىننىڭ پۈتۈن بولماس.

* * *

بىكار بولسامىلا قاتار چايدىمەن،
ۋاقىتنى پۇلغا ساتار چايدىمەن.
بالىلىرىم ئۆيدە ئاچ - زېرىن قالدى،
لېكىن ئۆزگىگە چاكار چايدىمەن.

* * *

ئادەملەر ھەر ياڭزا، ھەرخىل كېلىدۇ،
بەزىلەر پاك دىللىق سەرخىل كېلىدۇ؛
ۋە يەنە بەزىلەر خوش - خوش دېسىمۇ،
ھاجىتى تۈگىسە بىر خىل كېلىدۇ.

* * *

ئىشەنمە نامەردكە، سالامى ساختا،
ئاڭا يول كۆرسەتكەن ئىمامى ساختا.
ئاغزىدا تەقۋادار ئادەم دېسىمۇ،
ئەمەلدە ئۇنىڭكى ئىمانى ساختا.

* * *

يارغا قانمىدىم، قاندىم دېسەممۇ،
يارغا قانمىدىم، تاندىم دېسەممۇ.
ئىشق ئوتى مېنى قىلدى سەكپارە،
سۆيگۈ يولىدىن ياندىم دېسەممۇ.

* * *

يىغلاپ تۇغۇلدۇق، يىغلاپ كېتىمىز،
ئانا تۇپراقنى ماكان ئېتىمىز.

نېچۈن تۆرەلدۈق؟ قانداق ياشىدۇق؟
بۇندىكى مەنىنى شۇ چاغ بىلىمىز.

*　　*　　*

جاپا چېكىپ كۆچەت قويدۇم ئەۋلادنى كۆزلەپ،
پەرۋىشىنى جېكىلىدىم ئۇلارغا سۆزلەپ.
چوكا ياساش لازىم ئىمىش نۆۋەي نوتىدا،
كېسىپ - كېسىپ تۈگىتىشتى بىر ئەمەس، يۈزلەپ.

*　　*　　*

«بەخت دېگەن نېمە» دەپ سورىساڭ مېنىڭدىن،
مىسال ئېلىپ سۆزلەيمەن ئەتراپىمدىن - يېنىمدىن.
بەخت بۇندىن چوڭ بولماس بىر نانىنى يەپ بەھوزۇر،
تىنچ - ئامان چىقارساڭ بەدىنىڭدىن - تېنىڭدىن.

*　　*　　*

يۈرىكىمدە ئوتۇم بار، قىش بىلەن ھېچ كارىم يوق،
قورسىقىم توق مېنىڭكى، ئىش بىلەن ھېچ كارىم يوق.
نەگە بارسام شۇ رىزقىم يۈگۈرۈپ يۈرەر ئالدىمدا،
خەق گەپنى دەۋەرسۇن، مىش - مىش بىلەن كارىم يوق.

*　　*　　*

قورسىقى تويىدۇ نان يېسە كىشى،
شادلىقتىن توختايدۇ كۆزنىڭمۇ يېشى.
ۋەلېكىن جەڭگاھتا سىنىلار ئادەم،
باھادىر - مەردلىكى، ئەركىكى - چىشى.

2000 - يىل، 2007 - يىللار

[General Information]
书名=一朵玫瑰　维吾尔文
SS号=40229158